ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# تىل ـ ئەدەبىيات

## 2 ـ قىسىم

(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)

ئابدۇسەمەد



ئىخلاس نەشرىياتى

## ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن

# تىل ـ ئەدەبىيات

## 2 ـ قىسىم

(بىر مەۋسۇملۇق ئوقۇشلۇق)

ئابدۇسەمەد



ئىخلاس نەشرىياتى

ئانا تىل بىلگەن كىشىنىڭ ئىززىتىن قىلغۇم كېلۇر،
ئانا تىلنى ئاغزىدىن ئالتۇن بېرىپ ئالغۇم كېلۇر.
ئى ئانا تىل، بىزگە سەن ئۇلۇغلاردىن قالغان نىشان،
سەن بىلەن روھىي زېھنىدا ئىپتىخارلانغۇم كېلۇر.

قۇتلۇق هاجى (1876 — 1938)



# مۇندەرىجە


**1 ـ بۆلەك** ... 1

1. ئوقۇتقۇچى ... 2

2. ئاچكۆز مۈشۈكنىڭ ئاقىۋىتى ... 7

3. جىنىم ئانا ... 14

ئاساسىي مەشىق (1) ... 19

**2 ـ بۆلەك** ... 24

4. ئىجابەت بولغان دۇئا ... 25

5. ئانا ۋەتەن ... 31

6. تېلېفوننىڭ نالىسى ... 36

7. دورىماڭلار ... 43

ئاساسىي مەشىق (2) ... 48

**3 ـ بۆلەك** ... 52

8. پەيغەمبىرىم مۇھەممەد ... 53

9. ئەڭ بەرىكەتلىك بوۋاق ... 61

10. ئىككى مۇقەددەس شەھەر ... 68

11. ھەرەم سۆيگۈسى ... 75

ئاساسىي مەشىق (3) ... 83

4 ـ بۆلەك ........................................................................ 89
12. جەننەتلەردە كۆلەيلى ............................................ 90
13. ھىيلىگەر تۈلكە بىلەن ئەقىللىق چۈجە ................ 95
14. مىنىڭ كەپسىز ئۈكام ............................................ 102
15. مىنىڭ ئۈكام ........................................................... 104
ئاساسىي مەشىق (4) ................................................... 114

5 ـ بۆلەك ........................................................................ 120
16. بۈركۈت بىلەن قوينىڭ دوستلۇقى ........................ 121
17. بىخەتەرلىك قوشىقى ............................................ 130
18. ئامانەت ..................................................................... 135
ئاساسىي مەشىق (5) ................................................... 143
ئومۇمىي مەشىق ......................................................... 152

1 ـ قىسىم «تىل ـ ئەدەبىيات» كىتابىدىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى ............................................ 163

# 1 ـ بۆلەك



# 1. ئوقۇتقۇچى




ئوقۇتقۇچى دەپ،
ئالغاندا تىلغا.
ھۆرمەت ـ تەشەككۇر،
تولىدۇ دىلغا.

بەرگەچكە بىلىم،
ئوقۇتقۇچىمىز.
ئاشتى كۈنسېرى،
زېھنىي كۈچىمىز.

تەربىيىلەر بىزنى،
ئەخلاقلىق قىلىپ.
دىنغا، ۋەتەنگە،
يارامىلىق قىلىپ.

شۇڭا ئۇلارنى،
قىلىمىز ھۆرمەت.
دۇئا قىلىپ دائىم،
ياخشىلىق تىلەپ.

## كۆنۈكمە

1. بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

2. ئوقۇتقۇچىڭلارنىڭ سىلەرگە قانداق ياخشىلىقلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە سىلەرگە بىلىم بېرىش ئۈچۈن قانداق جاپالارنى تارتىۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ بېقىڭلار.

3. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ، بوش ئورۇنغا تولدۇرۇڭلار:

(ئەخلاقلىق / ھۆرمەت / بىلىم / دۇئا)

(1) ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە ________ بېرىدۇ.

(2) مەن ئوقۇتقۇچۇمنى ________ قىلىمەن.

(3) بىز ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ بەخت ـ سائادىتى ئۈچۈن، ئاللاھقا ________ قىلىمىز.

(4) ئوقۇتقۇچىمىز بىزنى ________ قىلىپ تەربىيەلەيدۇ.

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) بەرمەك:

(2) ئاشماق:

(3) ياخشىلىق:

(4) ۋەتەن:

5. ئېيتىپ بېرىشنى خالامسىز؟
(1) سىز قايسى مەكتەپ (ياكى مەدرىسە) تە ئوقۇۋاتىسىز؟ سىزنىڭ ئوقۇتقۇچىڭىز (ياكى ئۇستازىڭىز) نىڭ ئىسمى نېمە؟
(2) سىنىپىڭىزدا (ياكى مەدرىسىڭىزدە) قانچە نەپەر ساۋاقدىشىڭىز بار؟
(3) سىز قايسى دەرسنى ئەڭ ياخشى كۆرىسىز، نېمە ئۈچۈن؟
(4) سىز ئالدىنقى مەۋسۇملاردا قايسى پەنلەرنى ۋە قايسى بىلىملەرنى ئۆگەندىڭىز؟
(5) بۇنىڭدىن كېيىن قايسى بىلىملەرنى ئۆگىنىشنى ئارزۇ قىلىسىز، نېمە ئۈچۈن؟

6. تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك سۆزنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ئاساستا توغرا ۋە جانلىق ئوقۇپ بېقىڭلار. مۇئەللىملىرىڭلارنىڭ ياردىمىدە مەنىسىنى چۈشىنىۋالغاندىن كېيىن، دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق ۋە توغرا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:
(1) بىلىملىك ئادەمنى ئىززەتلەپ، سۆزىنى ئاڭلا. ئۇنىڭ ياخشى پەزىلەتلىرىنى ئۆگىنىپ، ئەمەل قىلغىن.
— مەھمۇد قەشقەري

(2) ئالىملارنىڭ ئىلمى سېنى توغرا يولغا باشلايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇلارنى ياخشى كۆرۈپ، سۆزىنى قەدىرلە، ئۇلارنىڭ بىلىمىنى ياخشى ئۆگەن. ئۇلارغا ھەر جەھەتتىن ياخشىلىق قىلغىن. ئۇلارنى ھاقارەتلىمە، قوپاللىق قىلما،

ئۇلارغا ئاچچىقلانما، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلغىن.
ئۇستازلىرى ۋە ئالىملىرىنى ھۆرمەتلىگەن خەلق ئەزىز بولىدۇ، ئۇلارغا ھۆرمەتسىزلىك قىلغانلار خار بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئىلمى سىېنى دۇنيا-ئاخىرەتلىك بەخت-سائادەتكە باشلايدۇ.

—— يۇسۇپ خاس ھاجىپ

## بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* تەشەككۇر —— رەھمەت، مەمنۇنلۇق.

* دىل —— كۆڭۈل، قەلب، يۈرەك.

* ياراملىق —— قابىلىيەتلىك، ئىشقا يارايدىغان.

* تىلىمەك —— ① يالۋۇرماق، ئۆتۈنۈپ سورىماق؛ ② ئاللاھقا دۇئا قىلماق، ئاللاھتىن تۆۋەنچىلىك بىلەن سورىماق.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارغا ئىلىم ئۆگەتكەن كىشىگە ئاللاھ رەھمەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ گۇناھىنىڭ كەچۈرۈلۈشى ئۈچۈن،

ئاللاھنىڭ پەرىشتىلىرى، ئاسمان-زېمىندىكى بارلىق مەخلۇقاتلار، ھەتتا چۈمۈلە ۋە دېڭىزدىكى بېلىقلارمۇ دۇئا قىلىدۇ» (تىرمىزى توپلىغان).

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئىلىم ئېلىش يولىدا ماڭىدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىگە جەننەتنىڭ يولىنى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ» (تىرمىزى توپلىغان).

# 2. ئاچكۆز مۈشۈك

بۇرۇنقى زاماندا ھەلىمە ئىسىملىك نامرات بىر موماي ئۆتكەنىكەن. ئۇنىڭ كونا بىر ئۆيى ۋە ئوماق بىر مۈشۈكى بار ئىكەن. بۇ مۈشۈك بەزىدە ھەلىمە موماي تاشلاپ بەرگەن ناننى يېسە، يەنە بەزىدە ئۆزى چاشقان تۇتۇپ يەپ، خاتىرجەم ۋە خۇشال ياشايدىكەن.

بىر كۈنى ئۇ مۈشۈك ئۆگزىدە ئاپتاپقا قاقلىنىپ ئولتۇرۇۋاتقاندا، يىراقتا ناھايىتى يوغان ۋە سېمىز بىر مۈشۈكنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. مومايىنىڭ مۈشۈكى ئۇنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:



— قەيەردىن كېلىۋاتىسەن بۇرادەر؟ ئەھۋالدىن قارىغاندا سەن پادىشاھنىڭ ئەتىۋارلىق مۈشۈكى ئوخشىمامسەن؟ — دەپتۇ. ئۇ سېمىز مۈشۈك مومايىنىڭ مۈشۈكىنى مەسخىرە قىلىپ:

— ياق، لېكىن ھەركۈنى پادىشاھنىڭ نۇرغۇن نازۇنېمەتلىرى تىزىلغان داستىخىنى سېلىنغاندا، مەن دەرھال بېرىپ ئەڭ ئېسىل گۆش ۋە نانلارنى ئېلىپ قېچىپ، ھۇزۇرلىنىپ يەيمەن. كۈنۈم مۈشۈنداق راھەت ئىچىدە ئۆتىدۇ. قارا ھالىڭغا!

ئورۇقلاپ ئۆمۈچۈكتەك بولۇپ كېتىپسەن، بۇ ھالىتىڭ بىلەن تالاغا چىقساڭ، باشقا مۈشۈكلەر سېنى مەسخىرە قىلىدۇ، — دەپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان موماينىڭ مۈشۈكى:

— مېنىمۇ شۇ يەرگە باشلاپ بارغان بولساڭ، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ. سېمىز مۈشۈك ماقۇل بولۇپ، تاماق ۋاقتىدا ئۇنى ئېلىپ بېرىپتۇ.



پادىشاھ ھەر كۈنى ئۆزىنىڭ تاماقلىرىنى ئوغرى مۈشۈكلەرنىڭ ئېلىپ قېچىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ غەزەپلىنىپ، بۈگۈن ئەسكەرلىرىگە ئۇ ئوغرى مۈشۈكلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغانىكەن. شۇنىڭ بىلەن، پادىشاھنىڭ ئوقياچىلىرى تامنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇپ، مۈشۈكلەرنىڭ كېلىشىنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

داستىخاننىڭ سېلىنغىنىنى كۆرگەن مۈشۈك ئۆزىنىڭ ئاچكۆزلۈكىنى تۇختىتالماي، داستىخانغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. بۇنى كۆرگەن ئوقياچىلار مۈشۈككە توغرىلاپ ئوق ئاتقانىكەن، ئوق نەق مۈشۈكنىڭ قورسىقىغا تېگىپتۇ. مۈشۈك يىقىلىپتۇ. جان ئۈزۈش ئالدىدا، ئۇ: «ھەي ئىسىت! ئەينى ۋاقىتتا گەرچە نامرات بولساقمۇ، لېكىن خاتىرجەم ۋە خۇشال ياشايتتىم. مانا ئەمدى ئاچكۆزلۈك قىلىپ، ھاياتىمدىن ئايرىلدىم» دەپ پۇشايمان قىپتۇ.

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

* ئاچكۆز تويماس، بېخىل بېيىماس.
* ئاچكۆزلۈك ئەقىلدىن ئازدۇرار.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ھالدا ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇڭلار.
2. يۇقىرىقى «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»نىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار.
3. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.
4. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) مومايىنىڭ مۈشۈكى كونا كەپىدە قانداقراق ياشايتتى؟
(2) مومايىنىڭ مۈشۈكى يىراقتىن كېلىۋاتقان مۈشۈككە نېمە ئۈچۈن ھەيران قالدى؟
(3) ئۇ سېمىز مۈشۈك قانداق قىلىپ بۇنچىۋالا سەمرىپ ۋە يوغىناپ كەتكەن؟
(4) پادىشاھ نېمە ئۈچۈن ئوغرى مۈشۈكلەرنى ئۆلتۈرۈۋېتىشكە بۇيرۇغان؟
(5) ئوقياچىلار نېمە ئۈچۈن تامنىڭ كەينىگە يوشۇرۇندى؟

(6) مومايىنىڭ مۈشۈكى جان ئۈزۈش ئالدىدا نېمىگە پۇشايمان قىلدى؟

5. يۇقىرىقى تېكىستكە ئاساسەن، ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش تەرتىپى بويىچە رەت نومۇرىنى 1 دىن 5 كىچە يېزىپ چىقىڭلار:

(   ) مۈشۈك پادىشاھنىڭ داستىخىنىغا ئېتىلدى.

(   ) ھەلىمە مومايىنىڭ مۈشۈكى خاتىرجەم ۋە خۇشال ياشايتتى.

(   ) ئوقياچىلار ئاچكۆز مۈشۈكنى ئوق بىلەن ئاتتى.

(   ) سېمىز مۈشۈك مومايىنىڭ مۈشۈكىنى پادىشاھنىڭ داستىخىنىغا ئېلىپ باردى.

(   ) مومايىنىڭ مۈشۈكى سېمىز مۈشۈكنى كۆرۈپ ھەيران قالدى.

6. بېرىلگەن ئىرناقتا مۇۋاپىق سۆزلەرنى يېزىپ بېقىڭلار:

ئېسىل — (   ) (   ) (   )

ئېتىش — (   ) (   ) (   )

7. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى رەتلەپ، راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ بېقىڭلار:

| | | | |
|---|---|---|---|
| خاتىرجەم | مومايىنىڭ | ياشايدىكەن | مۈشۈكى |

________________________________.

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بولۇپ | ئورۇقلاپ | ئۇ | قاپتۇ | چۈمۈلىدەك |

________________________________

________________.

| قىلىپ | ئاچكۆزلۈك | ئايرىلدى | مۈشۈك | ھاياتىدىن |
|---|---|---|---|---|

______________________________________________

____________.

8. تۆۋەندىكى بالىلار قوشىقىنى جانلىق ئوقۇپ بېقىڭلار ۋە نېمە مەزمۇن سۆزلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:

چاشقان

«چىر ـ چىر ـ چىر»،
چىرىلدار چاشقان.
مۈشۈكنى كۆرسە،
كامارغا قاچقان.

«چىر ـ چىر ـ چىر»،
چىرىلدار چاشقان.
ئاشلىق ئوغرىلاپ،
ھەددىدىن ئاشقان.

«چىر ـ چىر ـ چىر»،
چىرىلدار چاشقان.
جاجاڭنى بەردى،
مەن قۇرغان قاپقان.

# بىلەمسىز؟

مۈشۈكنىڭ تاپىنى ئىنتايىن يۇمشاق بولۇپ، مۈشۈك ئېگىزدىن پەسكە سەكرىگەندە بۇ يۇمشاق گۆش مۈشۈك پۇتىنىڭ يەرگە قاتتىق تېگىپ ئاغرىش ۋە يارىلىنىشىدىن ساقلايدۇ. شۇنداقلا، بۇنىڭ يەنە مۈشۈك ماڭغاندا ئاۋاز چىقارماسلىقتا پايدىسى بار، شۇڭا ئۆزى تۇتماقچى بولغان ئوۋغا شۇنچە يېقىنلاشسىمۇ، ئاسان بايقىلىپ قالمايدۇ.

مۈشۈكنىڭ تىلى «لىزوم» دەپ ئاتىلىدىغان بىر خىل سۇيۇقلۇق ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان بولۇپ، بۇ كۈچلۈك تازىلاش ۋە مىكروب يوقىتىش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ھەتتا ئەڭ كۈچلۈك يۇيۇش سۇيۇقلۇقىمۇ مۈشۈك تىلىدىكى لىزومدەك پاكىز ۋە كۈچلۈك ئەمەس. شۇڭا مۈشۈك دائىم تىلى ئارقىلىق پۈتۈن بەدىنىنى يالاپ، پاكىز يۇيۇپ تۇرىدۇ. ھەتتا بەدىنىنىڭ بىرەر يېرى يارىلانغان بولسا، تىلى بىلەن بىر قانچە قېتىم يالاپ قويسىلا يارىسى بىردەمدىلا ساقىيىپ كېتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مۈشۈك بىزنىڭ ئۆيلىرىمىزنىڭ پاكىز ئورۇنلىرىدىمۇ خالىغانچە ئويناپ يۈرەلەيدۇ.



# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* ئەتىۋارلىق — قىممەتلىك، قەدىرلىك، ئاسراپ ئىشلىتىدىغان.

* مەسخىرە قىلماق — كەمسىتمەك، زاڭلىق قىلماق، مازاق قىلماق.

* يالۋۇرماق — تۆۋەنچىلىك بىلەن ئۆتۈنمەك، يېلىنماق.

* غەزەپلەنمەك — قاتتىق ئاچچىقلانماق.

* يوشۇرۇنماق — مۆكۈۋالماق، باشقىلار كۆرەلمەيدىغان يەرگە كىرىۋالماق.

* پۇشايمان قىلماق — ئەپسۇسلانماق، ئۆكۈنمەك.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئىمان ئېيتقان، رىزقى يېتەرلىك بولغان، ئاللاھ ئاتا قىلغان نەرسىگە قانائەت قىلغان كىشى نىجات تاپقان بولىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئاچكۆزلۈكتىن ساقلىنىڭلار، چۈنكى ئاچكۆزلۈك سىلەردىن ئىلگىرىكى كىشىلەرنى ئۆزئارا قانلىرىنى تۆكۈشكە، ھارام نەرسىلەرنى ھالال ساناشقا ئېلىپ بېرىپ ھالاك قىلغان» (مۇسلىم توپلىغان).

# 3. جېنىم ئانا



ئانا، ئانا، جېنىم ئانا،
بىردەم ئارام ئېلىڭ ئانا.
هاردىڭىز بەك، سۈپۈرگىنى
ئەمدى ماڭا بېرىڭ ئانا.

ئانا، ئانا، جېنىم ئانا،
بىردەم ئارام ئېلىڭ ئانا.
ياق دېمەستىن، ئەمدى مېنى،
ئۆي ئىشىغا سېلىڭ ئانا.

ئانا، ئانا، جېنىم ئانا،
بىردەم ئارام ئېلىڭ ئانا.
يۇمشاق ئورۇن سېلىپ قويدۇم،
كېلىپ بىردەم يېتىڭ ئانا.

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

* ئانا رازى ــ ئاللاھ رازى.
* ئاتا ئۆينىڭ تۈۋرۈكى،
* ئانا ئۆينىڭ يۈرىكى.
* ئاتا ـ ئانىڭىنىڭ ھۆرمىتىنى قىل،
* خەلقىڭنىڭ خىزمىتىنى قىل.



## كۆنۈكمە

1. يۇقىرىقى شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.
2. يۇقىرىقى «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»نىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار.
3. تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قارىمۇقارشى (قارشى مەنىلىك) بولغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار:

| | |
|---|---|
| بەرمەك | قويماق |
| يۇمشاق | ئالماق |
| ياتماق | قاتتىق |

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:
(1) ئارام ئالماق:

(2) هارماق:

5. ئېيتىپ بېرىشنى خالامسىز؟
(1) ئانىڭىز ئۆيدە قانداق جاپالارنى تارتىدۇ؟
(2) ئانىڭىز سىزگە قانداق ياخشىلىقلارنى قىلىدۇ؟
(3) ئانىڭىز سىزنىڭ ياخشى ئادەم بولۇشىڭىز ئۈچۈن، قانداق نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ؟
(4) ئۆيدە ئانىڭىزنىڭ جاپاسىنى يەڭگىللىتىش ئۈچۈن، قانداق ئىشلارنى قىلىشىپ بېرىسىز؟

6. تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك سۆزنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ئاساستا دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق ۋە توغرا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:
ئاتاڭنىڭ نەسىھەتىنى ئېسىڭدە چىڭ تۇت، شۇنداق قىلساڭ كۆڭلىڭ بەخت ۋە خۇشال ـ خۇراملىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئاتا ـ ئاناڭنى خۇش قىلىپ، ئۇلارغا ھەر ۋاقىت ياخشىلىق قىل. بۇ قىلغان ياخشىلىقىڭ سەۋەبلىك، ئاللاھ تائالامۇ ساڭا چەكسىز ياخشىلىق ئاتا قىلىدۇ.
— يۈسۈپ خاس ھاجىپ

7. ئانىڭىزنىڭ سىز ئۈچۈن قىلغان ئىشلىرىنى ۋە تارتقۇاتقان جاپالىرىنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا بىر پارچە «رەھمەت خېتى» يېزىڭ.

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* تۇۋرۇك ــ تىرەك، تايانچ.

* قاقشاتماق ــ خاپا قىلماق، زارلاتماق.

* ئىلگىرى باسماق ــ تەرەققىي قىلماق، ياخشىلانماق، راۋاجلانماق، روناق تاپماق.

* ياشنىماق ــ گۈللىمەك، ئىلگىرى باسماق.

* قەدىردان ــ ئەزىز، ھۆرمەتلىك، قەدىرلىك.

* قۇربان ــ بىرەر ياخشى ئىش، ياخشى مەقسەت يولىدا ئۆز ھاياتىنى تەقدىم قىلىش، جان پىدا قىلىش.

* نەقىش ــ ئويۇپ ئىشلەنگەن بېزەك.

2. تۆۋەندىكى ئايەت-ھەدىسلەرنى جانلىق ئوقۇڭلار ۋە مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

* ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى ۋە ئاتا-ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى تەۋسىيە قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا <ئۇف!> دېمىگىن (يەنى مالاللىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن). ئۇلارنى دۈشكەللىمىگىن،

ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالىي مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەرمۇئامىلىدە بولغىن ۋە: ‹ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيەلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن› دېگىن» (سۈرە ئىسرا 23 ـ، 24 ـ ئايەتلەر).

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «جەننەت ئانىلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا» (ئەھمەد توپلىغان).

# ئاساسىي مەشىق 1

1. تۆۋەندە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ توغرىسىنى تاللاپ، ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

(1) «يارامسىز» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى ( )

ئا: ناچار، ئەسكى

ئە: قابىلىيەتلىك

ب: تەلەيسىز

(2) «ئوقۇتقۇچى» ناملىق شېئىردا نېمە مەزمۇن سۆزلەنگەن؟ ( )

ئا: ئوقۇتقۇچىنىڭ بىزگە بىلىم ۋە ئەخلاق ئۆگىتىدىغانلىقى، شۇڭا ئۇلارنى ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئۇلارغا ياخشىلىق تىلەپ ئاللاھقا دۇئا قىلىشىمىز كېرەكلىكى سۆزلەنگەن.

ئە: ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوينايدىغان ئويۇنلىرى ۋە ئامراق تاماقلىرى سۆزلەنگەن.

ب: ئوقۇتقۇچىمىز مەكتەپتە بىزگە قايسى ـ قايسى دەرسلەرنى ئۆگىتىپ قويىدىغانلىقى سۆزلەنگەن.

(3) پادىشاھنىڭ ئوقياچىلىرى نېمە ئۈچۈن ئاچكۆز مۈشۈكنى ئېتىۋەتتى؟ ( )

ئا: پادىشاھ مومايغا بەك ئۆچ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ مۈشۈكىنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچى بولغان.

ئە: ئۇ ئاچكۆزلۈك قىلىپ، پادىشاھنىڭ داستىخىنىدىكى يېمەكلىكلەرنى ئوغرىلىماقچى بولغان.

ب: ئۇ مۇشۇك پادىشاھنىڭ يۈزىنى تاتىلىۋالغان.
(4) ئايەتتىكى «ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ قول ئاستىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا <ئۇف!> دېمىگىن» دېگەن جۈملىنىڭ مەنىسى ( )
ئا: ئاتا-ئاناڭدىن بىرى ياكى ئىككىلىسى ياشىنىپ قالغان بولسا، ئۇلارغا ھەرگىز يامان گەپ قىلمىغىن، ئۇلارغا رەنجىپ قالىدىغان سۆزلەرنى قەتئىي قىلمىغىن، ھەتتا ئۇلار ساڭا ھەرقانچە جاپا سالسىمۇ «ئۇف!» دېگەن گەپنىمۇ قىلمىغىن.
ئە: ئۇلارغا پەقەت «ئۇف!» دېگەن سۆزنى قىلمىساڭلا بولىدى؛ ئەمما ئۇلارنى تىللىساڭ، ئۇرساڭ، قوپاللىق قىلساڭ بولىۋېرىدۇ.
ب: ئۇلار قېرىپ قالغاندا «ئۇف!» دېمىگىن، ئەمما قېرىپ قالمىغان بولسا نېمە دېسەڭ بولىۋېرىدۇ.
(5) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن قايسىسى توغرا؟ ( )
ئا: «تەربىيىلەر بىزنى،
ئەخلاقلىق قىلىپ.
دىنغا، ۋەتەنگە،
يارامىلىق قىلىپ.» دېگەن مىسرالار «جېنىم ئانا» ناملىق شېئىردىن ئېلىنغان.
ئە: «ئىمان ئېيتقان، رىزقى يېتەرلىك بولغان، ئاللاھ ئاتا قىلغان نەرسىگە قانائەت قىلغان كىشى نىجات تاپقان بولىدۇ» دېگەن مەھمۇد قەشقەرىينىڭ سۆزى.
ب: «ئانا رازى — ئاللاھ رازى» دېگەننىڭ مەنىسى — ئەگەر سەن ئاناڭنى رازى قىلساڭ، ئاللاھ تائالامۇ سەندىن رازى بولىدۇ، دېگەنلىكتۇر.

2. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىپ بېقىڭلار ۋە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

تىلىمەك —

______________________________

______________________________.

مەسخىرە قىلماق —

______________________________

______________________________.

قاقشاتماق —

______________________________

______________________________.

3. بىرىلگەن تىرناقتا مۇۋاپىق سۆزلەرنى تولدۇرۇپ بېقىڭلار.

| يۇمشاق | | ئۇرۇش |
|---|---|---|
| ( ياستۇق ) | ( گۈل ) | |
| (          ) | (          ) | |
| (          ) | (          ) | |
| (          ) | (          ) | |

4. تۆۋەندىكى سۆزلەر گۇرۇپپىسىغا يېزىلىشقا مۇۋاپىق بولمىغان بىر سۆزنى تېپىپ چىقىرىۋېتىڭلار ھەمدە سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىڭلار:

| | |
|---|---|
| مۈشۈك كەپتەر<br>بانان يولۋاس | پولو كاۋاپ<br>لەغمەن ئورۇندۇق |

| | |
|---|---|
| قىزىل | قارا |
| يېشىل | ماشىنا |

| | |
|---|---|
| تېلېفون | سۇ |
| دوغاپ | چاي |

5. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى كىم ھەم تېز، ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

(1)

مېنىڭ بىلەن يېقىن دوست،
ئايرىلمايمىز ئوقۇشتا.
ئۇ بولغاچقا خەتلەرنى،
قىينالمايمەن يېزىشتا.
ئەقىللىق دوست جاۋابنى،
قىينالمايدۇ تېپىشتا.

(2)

يۇلتۇزمىكىن دېمەڭلار،
يىراق ئەمەس يۇلتۇزدەك.
يۇلتۇزلاردەك نۇر چاچسا،
كېچە بولار كۈندۈزدەك.

6. تۆۋەندىكى نەرسىلەرنىڭ ئىسمىنى دەپ بېقىڭلار ھەمدە ئۇلارنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى ئېيتىپ بېرىڭلار:



بۇ ھەسەل. ھەسەلنىڭ تەمى تاتلىق ۋە يېپىشلىك بولۇپ، نانغا سۈركەپ يېسىمۇ، سۇغا سېلىپ ئېرىتىپ ئىچسىمۇ بولىدۇ.

ھەسەل نۇرغۇن كېسەللەرگە شىپا قىلىدۇ. مەسىلەن، ئاشقازان ئاغرىقى، گال ئاغرىقى، يۆتەل. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ بەدەننى كۈچلۈك قىلىدۇ؛ بەدىنىمىزدىكى مېڭە، ئۈچەي، جىگەر، ئۆپكە، بۆرەك قاتارلىق ئەزالارنى ياخشىلايدۇ.



........................................

........................................

........................................

........................................

........................................

........................................................................................................

........................................................................................................



........................................

........................................

........................................

........................................

........................................

........................................................................................................

........................................................................................................

# 2 ـ بۆلەك



# 4. ئىجابەت بولغان دۇئا



زۇلھايا بىلەن يۇسۇپنىڭ دادىسى ۋاپات بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ئانىسى تىككۈچىلىك قىلىپ، ئۇلارنى بېقىپ چوڭ قىلدى. گەرچە زۇلھايانىڭ يېشى كىچىك بولسىمۇ، ئانىسى ناماز ئوقۇغاندا يېنىدا تۇرۇپ بىللە ناماز ئوقۇيتتى ۋە نامازغا ھەرگىز سەل قارىمايتتى.

بىر كۈنى ئۇلارنىڭ ئانىسى قاتتىق ئاغرىپ قالدى ۋە ئورنىدىن تۇرالمىدى. شۇنىڭ بىلەن، يۇسۇپ پۇل تېپىپ ئانىسىنى داۋالىتىش ئۈچۈن، ئىش ئىزدەپ چىقىپ كەتتى. بۇ ۋاقىتتا، تۇيۇقسىزلا زۇلھايانىڭ ئېسىگە ئانىسىنىڭ كېچىلىرى نامازدا ئاللاھقا دۇئا قىلىدىغانلىقى كەلدى-دە، ئانىسىدىن:

— ئانا، ئاللاھ تائالا ھەممىگە قادىرمۇ؟ — دەپ سورىدى.

ئانىسى:

— ھەئە قىزىم، ئاللاھ تائالانىڭ قىلالمايدىغان ئىشى يوق، — دېدى. زۇلھايا يەنە:

— ئاللاھقا ھەرقانداق ياخشى دۇئانى قىلساق ئىجابەت قىلامدۇ؟ — دەپ سورىغانىدى:

— ھەئە، ئاللاھ تائالا ئىنتايىن مېھرىبان! ئاللاھ تائالانىڭ دۇئايىڭىزنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ دۇئا قىلسىڭىز، سورىغان نەرسىڭىزنى ئاللاھ چوقۇم بېرىدۇ، — دېدى.

زۇلھايا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى ۋە جايناماز ئۈستىگە چىقىپ ناماز ئوقۇپ، ئاندىن قولىنى كۆتۈرۈپ: «ئى ئاللاھ! سەن تولىمۇ مېھرىبان ۋە كۆيۈمچانسەن، كېسەللەرگە شىپالىق بەرگۈچىسەن. دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىپ، ئانامنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپ بەرگىن، ئۆيىمىزنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىن» دەپ يىغلاپ دۇئا قىلدى.

شۇنىڭدىن كېيىن، زۇلھايانىڭ ئانىسىنىڭ كېسىلى ئىنتايىن تېزلا ساقىيىپ كەتتى. بىر نەچچە كۈن ئۆتۈپ، يۇسۇپمۇ ئىنتايىن خۇشال ھالدا ئۆيگە قايتىپ كەلدى ۋە ئانىسىنىڭمۇ ساقىيىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، ئاللاھقا ھەمدە ئېيتتى. ئاندىن مۇنداق دېدى: «ئانا، مەن ئىش ئىزدەپ يۈرۈپ بىر ياخشى سودىگەر كىشىگە ئۇچراپ قالدىم. ئاندىن ئۇنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بەردىم ۋە بۇ جەرياندا ھېچقانداق يالغان سۆزلىمىدىم. ئاندىن ئۇ كىشى مېنىڭ ئەھۋالىمنى سورىغانىدى، مەن نېمە ئۈچۈن ئىشلىگىلى چىققانلىقىمنى دەپ بەردىم. ئۇ كىشى سۆزۈمنى ئاڭلاپ: ‹يۇسۇپ، بۇندىن

كېيىن ئىشلىمەي ياخشى ئوقۇغىن، ئائىلەڭدىكى بارلىق قىيىنچىلىقلارغا مەن ياردەم قىلاي‹ دېدى».



بۇنى ئاڭلىغان زۇلھايا خۇشاللىقىدىن سەكرەپ كېتىپ: «ئانا، ئاللاھ تائالا ھەقىقەتەن بەك مېھرىبانكەن، دۇئالىرىمنى ئىجابەت قىپتۇ!» دېدى.

## كۆنۈكمە

1. زۇلھايانىڭ قىلغان دۇئاسىنى يادقا ئېيتىپ بېقىڭلار.
2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.
3. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) يۇسۇپ نىمە ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى؟

(2) ئانىسى ئاغرىپ قالغاندا زۆلھايانىڭ ئېسىگە نېمە كەلدى؟

(3) يۈسۈپ ئىش ئىزدەپ يۈرگەن ۋاقىتتا نېمە ئىشلار يۈز بەردى؟

4. تېكىستكە قارىماي تۇرۇپ تۆۋەندىكى جۈملىلەرنىڭ تىنىش بەلگىلىرىنى جايىدا ۋە توغرا قويۇپ بېقىڭلار. (تىنىش بەلگىلىرى كېلىدىغان ئورۇنلارغا ـــ بەلگىسى قويۇلدى.)

زۆلھايا بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆڭلى خاتىرجەم بولدى ۋە جايناماز ئۈستىگە چىقىپ ناماز ئوقۇپـــ ئاندىن قولىنى كۆتۈرۈپـــ«ئى ئاللاھـــ سەن تولىمۇ مېھرىبان ۋە كۆيۈمچانسەنـــ كېسەللەرگە شىپالىق بەرگۈچىسەن. دۇئايىمنى ئىجابەت قىلىپ ئانامنىڭ كېسىلىنى ساقايتىپ بەرگىنـــ ئۆيىمىزنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگىنـــ دەپ يىغلاپ دۇئا قىلدىـــ

5. تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىكى سۆزلەرنىڭ بىر-بىرىگە ماس كېلىدىغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار:

| | |
|---|---|
| ۋاپات | ئوقۇش |
| ناماز | قىلىش |
| ئاغرىپ | كۆتۈرۈش |
| قول | بولۇش |

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قارشى مەنىسىنى ئېيتىپ بېقىڭلار:

ئاغرىپ قىلىش (　　　　　　)
چىقىش (　　　　　　)
كۆتۈرۈش (　　　　　　)
تېز (　　　　　　)

يالغان (                    )

7. سىلەر ئادەتتە تۆۋەندىكى كىشىلەر ئۈچۈن قانداق دۇئا قىلىسىلەر؟

ئاتا ـ ئانام: ______________________

______________________________.

قېرىنداشلىرىم: ______________________

______________________________.

ۋەتەندىكى مەزلۇم خەلقىم: ______________________

______________________________.

دىنىمىز ئۈچۈن تۇرمىگە سولانغان مەھبۇسلار: __________

______________________________

______________________________.




1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* تىككۈچىلىك ــ كىيىم ـ كېچەك تىكىش ئىشى.

* سەل قاراش ــ پىسەنت قىلماسلىق، كۆزگە ئىلماسلىق.

* ئېسىگە كەلمەك ــ يادىغا كەلمەك، ئەسلىمەك.

* قادىر ــ كۈچى يېتىدىغان، ھەممىنى قىلالايدىغان.

* ئىجابەت قىلماق ــ قوبۇل قىلماق، ئەمەلگە ئاشۇرۇپ بەرمەك.

* شىپالىق ــ كېسەل ياكى ئاغرىقنىڭ ساقىيىشى.

* سودىگەر ــ سودا ـ سېتىق بىلەن شۇغۇللىنىدىغان ئادەم، تىجارەتچى.

* مېھرىبان ــ كۆيۈمچان، رەھىمدىل.

2. تۆۋەندىكى ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىملەرنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

* ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ بەندىلىرىم سەندىن مەن توغرۇلۇق سورىسا (ئۇلارغا ئېيتقىنكى): <مەن ھەقىقەتەن ئۇلارغا يېقىنمەن (يەنى ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى، سۆزلىرىنى بىلىپ تۇرىمەن). ماڭا دۇئا قىلسا، مەن دۇئا قىلغۇچىنىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىمەن» (سۈرە بەقەرە 186 ـ ئايەت).

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «ئاللاھ تائالا جەننەتتە سالىھ بەندىلەرنىڭ دەرىجىلىرىنى دائىم ئۆستۈن قىلىپ تۇرىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار: <ئى رەببىم، بۇ دەرىجە ماڭا قەيەردىن كەلدى؟> دەپ سورايدۇ. ئاللاھ تائالا ئۇنىڭغا: <بۇ پەرزەنتىڭنىڭ ساڭا قىلغان دۇئاسىدىن كەلدى> دەيدۇ» (ئەھمەد توپلىغان).

# 5. ئانا ۋەتەن

## (ۋەتەن سىرتىدىكى پەرزەنتلەر ئۈچۈن)



«ۋەتەن! ۋەتەن!» دەپ ھەممەيلەن،
ئېغىزىدىن چۈشۈرمىدى.
ھەيران بولۇپ سورىدىم مەن:
«ئۇ شۇنچىلىك ئۇلۇغمىدى؟»

دادام دېدى: «بىلگىن بالام!
ۋەتەن بىزنىڭ جېنىمىزدۇر.
سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن بوۋاڭ،
شۇ تۇپراقتا قان تۆككەندۇر.

زالىم دۈشمەنگە ئەل بولماي،
شەھىدلىكنى ئەۋزەل بىلگەن.
نائۈمىد بوپ قېچىپ دۈشمەن،
دەككىسىنى راسا يېگەن.

بىزلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ،
پەرزەنتلىرى، جەڭچىلىرى.
ھەربىر غېرىچ تۇپراق ئۈچۈن،
جەڭگە تەييار غازىلىرى».

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

* ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس.
* گۈل پۇرىقى بىلەن ئەزىز،
ئادەم يۇرتى بىلەن (ئەزىز).
* ۋەتەن سۆيمەسنىڭ ئىمانى سۇس بولىدۇ،
ۋەتەن سۆيگەن ئەر راۋرۇس بولىدۇ.

## كۆنۈكمە



1. يۇقىرىقى «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»نىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار.
2. يۇقىرىقى شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

3. شېئىردا قانداق مەزمۇنلار سۆزلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.

4. تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئۆزۈڭلار بىلگىنىڭلار بويىچە جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) سىزنىڭ ۋەتىنىڭىز قەيەر؟

(2) سىز ۋەتىنىڭىز توغرىسىدا نېمىلەرنى بىلىسىز؟

(3) ۋەتەن بىزگە نېمە ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىم؟

(4) بىز ۋەتىنىمىز ئۈچۈن نېمە ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك؟

5. يۇقىرىقى شېئىرغا ئاساسەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇنغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى تولدۇرۇڭلار:

(1) دادام ماڭا: «ۋەتەن بىزنىڭ ________ دۇر» دېدى.

(2) بوۋام دۈشمەنگە ئەل بولماي، بەلكى ______ لىكنى ئەۋزەل بىلگەن.

(3) بىزلەر شەرقىي ________ نىڭ جەڭچىلىرى.

(4) بىز ۋەتىنىمىزنىڭ ھەربىر غېرىچ تۇپرىقى ئۈچۈن، ھەر ۋاقىت ______ گە تەييار تۇرىمىز.

6. تۆۋەندە بېرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن، ئاستىدىكى جۈملىلەرنى كېڭەيتىپ يېزىڭلار.

**ئۈلگە:**

ۋەتىنىم شەرقىي تۈركىستان.

مېنىڭ ۋەتىنىم بولسا شەرقىي تۈركىستان.

مېنىڭ ئانا ۋەتىنىم بولسا گۈزەل ماكان شەرقىي تۈركىستان.

(1) بوۋام شەھىد بولدى.

______________________________

______________________________

______________________________.

(2) دۈشمەن قاچتى.

______________________________.

______________________________

______________________________.

(3) مەن چوڭ بولدۇم.

______________________________.

______________________________

______________________________.

## بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* تۇپراق ــ ① يەر، زېمىن توپىسى؛ ② يۇرت، ۋەتەن.

* شەھىد ــ ① ئىسلام دىنىنى ئالىي قىلىش ياكى ئۆزىنىڭ ئىسلامىي ۋەتىنىنى قوغداش ئۈچۈن ئۆلتۈرۈلگەن كىشى؛ ② ئاللاھ رازىلىقىنى كۆزلەپ، كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىپ ئۆلتۈرۈلگەن كىشى.

* دەككە ــ ئەسكى ياكى ناچار ئىشلارغا قارىتا بېرىلگەن ئاگاھلاندۇرۇش ياكى جازا.

* دەككە يېمەك ــ قىلغان يامان ئىشىنىڭ جازاسىنى تارتماق، ئەدىپىنى يېمەك.

* غازى ــ ئاللاھ يولىدا جەڭ قىلغۇچى.

2. تۆۋەندىكى ئايەت-ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

* ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ھۇجۇم قىلىنغۇچىلارغا، زۇلۇمغا ئۇچرىغانلىقلىرى ئۈچۈن، (قارشىلىق كۆرسىتىشكە) رۇخسەت قىلىندى، ئاللاھ ئۇلارغا ياردەم بېرىشكە ئەلۋەتتە قادىر» (سۈرە ھەج 39- ئايەت).

* ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار: <يۇرتلىرىمىزدىن ھەيدەپ چىقىرىلغان ۋە ئوغۇللىرىمىزدىن جۇدا قىلىنغان تۇرساق، قانداقمۇ ئاللاھ يولىدا جىھاد قىلمايلى!؟> دېدى» (سۈرە بەقەرە 246- ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

* ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ مۇنداق دەيدۇ: پەيغەمبەر سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم (مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ ماڭغاندا، ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يېرى بولغان) مەككىگە قاراپ تۇرۇپ مۇنداق دېگەن: «سەن مەن ياخشى كۆرگەن ئەڭ گۈزەل ماكان. كىشىلەر مېنى سەندىن چىقىرىۋەتمىگەن بولسا، مەن سەندىن باشقا شەھەردە ياشىمىغان بولاتتىم» (تىرمىزى توپلىغان).

*رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى ئۆزىگە كەلگەن زۇلۇمغا قارشى تۇرۇپ ئۆلتۈرۈلسە شەھىدتۇر» (ئەھمەد توپلىغان).

# 6. تېلېفوننىڭ نالىسى



ئۆمەر ھەركۈنى مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىپلا، ئاتا ـ ئانىسىدىن تېلېفون سوراپ، غەلۋە قىلاتتى. تېلېفوننى قولىغا ئالغان ھامان، ئويۇن ئويناش ۋە كارتون فىلىم كۆرۈشنى باشلاپ كېتەتتى ـ دە، تاپشۇرۇق ئىشلەش ۋە دەرس تەكرارلاشنى ئۇنتۇپ قالاتتى.

بىر كۈنى ئاخشىمى ئۆمەر تېلېفوننى كۆرگەن پېتى ئۇخلاپ قالدى ۋە ئاجايىپ بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە تېلېفون بىر بۇلۇڭدا يىغلاۋاتاتتى.

ئۆمەر تېلېفوننىڭ يىغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ:

ــ ساڭا نېمە بولدى؟ ــ دېدى. تېلېفون:

ــ مەن ساڭا كۆپ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىم ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن، ــ دېدى. ئۆمەر تېخىمۇ ھەيران بولۇپ:

ــ سەن ماڭا قانداق زىيانكەشلىك قىلدىڭ؟ ــ دېگەندى، تېلېفون:
ــ ئەمەلىيەتتە مەن ساڭا نۇرغۇن پايدىلارنى يەتكۈزەلەيتتىم، لېكىن سەن مېنى توغرا يولغا ئىشلەتمەيۋاتىسەن. ھەر كۈنى پەقەت ئويۇن ئويناپ، كارتون كۆرۈپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقتىڭنى زايە قىلىۋاتىسەن. قارا، مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ پايدىلىرىنى كۆرسىتىپ قوياي، ــ دېدى ـ دە، ئۆزىدىكى تىل ئۆگىنىش، ھەرخىل پايدىلىق دەرسلەرنى ئاڭلاش ۋە ئىسلامىي بىلىملەرنى ئۆگىنىش ئىقتىدارلىرىنى، ھەتتا ئىسلامىي كارتون فىلىملىرىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۆمەر تولىمۇ ھەيران قالدى. ئۇ ھازىرغىچە تېلېفوندا بۇنچىلىك كۆپ ياخشى نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەيتتى. ئاندىن تېلېفون يەنە:
ــ سەن ھازىرقى ۋاقتىڭنى قەدىرلەپ، چوقۇم تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا دىنىڭغا، مۇسۇلمانلارغا ۋە ۋەتىنىڭگە كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشىڭ كېرەك، ــ دېدى. تېلېفوننىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئۆمەر تولىمۇ خىجىل بولدى.
شۇ ۋاقىتتا ئۆمەر ئويغىنىپ كەتتى، تېلېفونىنىڭمۇ توكى تۈگەپ، ئۆچۈپ قالغان ئىدى. ئۆمەر تېلېفونغا قاراپ: «رەھمەت دوستۇم، مەن بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم تىرىشىپ ياخشى ئوقۇيمەن. سېنى پەقەت ياخشى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە ئىشلىتىمەن» دېدى.
شۇ كۈندىن باشلاپ ئۆمەر ئۆز ۋەدىسىگە ئەمەل قىلدى. ھەركۈنى مەكتەپتىن قايتقاندا ئالدى بىلەن تاپشۇرۇقلىرىنى ئىشلەپ، دەرسلىرىنى ئۆگەندى. ئاتا ـ ئانىسىغا تېلېفون

غەلۋىسى قىلمىدى. ئارام كۈنلىرى تېلېفوندا پەقەت ئىسلامىي بىلىملەر ۋە تىل ئۆگەندى.

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

* ۋاقتىڭ كەتتى ـــ بەختىڭ كەتتى.
* ۋاقىت ئالتۇندىن قىممەت.
*ۋاقىت دېگەن ئاتقان ئوق،
بىكار ئۆتسە ھېچنېمە يوق.



## كۆنۈكمە

1. يۇقىرىقى «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»نىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار.
2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ بايان قىلىپ بېقىڭلار.
3. تېكىستنىڭ «سەن ھازىرقى ۋاقتىڭنى قەدىرلەپ» دېگەن يېرىدىن باشلاپ، تاكى ئاخىرىغىچە مۇئەللىمىڭلارنىڭ ئوقۇپ بەرگىنى بويىچە چىرايلىق ۋە توغرا يېزىپ بېقىڭلار.

4. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) ئۆمەر مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپلا تېلېفوندا نېمە ئىش قىلىدۇ؟

(2) ئۆمەرنىڭ چۈشىدە تېلېفون نېمە ئۈچۈن يىغلايدۇ؟

(3) تېلېفون ئۆمەرگە ئۆزىنىڭ قانداق پايدىلىق تەرەپلىرىنى كۆرسىتىپ قويىدى؟

(4) ئۆمەر چۈشىدىن ئويغانغاندىن كېيىن تېلېفونغا قاراپ نېمە دېدى؟

(5) ئۆمەر چۈشنى كۆرگەندىن كېيىن قانداق ئۆزگەردى؟

5. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «✓» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) ئۆمەر مەكتەپتىن كېلىپلا ئاتا ـ ئانىسىغا ياردەملىشىپ، ئۆي ئىشىنى قىلىشىپ بېرەتتى. ( )

(2) ئۆمەر چۈشىدە تېلېفونىنىڭ بىردەم يىغلاپ، بىردەم كۈلگەنلىكىنى كۆردى. ( )

(3) ئۆمەرنىڭ چۈشىدە تېلېفون ئۆزىنىڭ ئۆمەرگە كۆپ زىيانكەشلىك قىلغانلىقىنى ئويلاپ يىغلىدى. ( )

(4) تېلېفون ئۆمەرگە تېخىمۇ كۆپ ئويۇنلارنى قانداق ئويناشنى كۆرسىتىپ قويىدى. ( )

(5) تېلېفون ئۆمەرگە ھازىرقى ۋاقىتنى قەدىرلەپ، چوقۇم تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىش كېرەكلىكىنى ھەمدە چوڭ بولغاندا ئىسلام دىنى، مۇسۇلمانلار ۋە ۋەتەن ئۈچۈن كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلىش كېرەكلىكىنى ئېيتتى. ( )

(6) ئۆمەر تېلېفونغا ئۆزىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم تىرىشىپ ياخشى ئوقۇيدىغانلىقىغا ۋە تېلېفوننى پەقەت

ياخشى نەرسىلەرنى ئۆگىنىشكە ئىشلىتىدىغانلىقىغا ۋەدە بەردى. ( )

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) ئۇنتۇپ قالماق:

(2) ھەيران بولماق:

(3) خىجىل بولماق:

(4) ئۆگەنمەك:

7. ئېيتىپ بېرىشنى خالامسىز؟

(1) سىز ئادەتتە تېلېفوننى قانداق ئىشلارغا ئىشلىتىسىز؟

(2) سىزمۇ ئۆمەرگە ئوخشاش دائىم ئاتا-ئانىڭىزدىن تېلېفون سورامسىز؟ نېمىشقا؟

(3) سىزنىڭمۇ بەزىدە ئۆمەرگە ئوخشاش بىرەر قىزىقارلىق ئىشقا (تېلېفون ياكى كومپيۇتېر ئويۇنىغا) بېرىلىپ كېتىپ، قىلىشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىشىڭىزنى قىلالمىغان ياكى تاپشۇرۇقنى ۋاقتىدا ئىشلىيەلمىگەن ۋاقتىڭىز بولغانمۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىشنى ئويلىدىڭىز؟

(4) ئاتا-ئانىڭىز سىزگە تېلېفوننى ھەر ۋاقىت بېرەمدۇ ياكى مەلۇم ۋاقىتلاردا بېرەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

8. ئويلىنىپ باقايلى.

(1) تېلېفوننى قانداق پايدىلىق ئىشلارغا ئىشلەتكىلى بولىدۇ؟

(2) تېلېفوندا ئويۇن ئويناش ياكى قالايمىقان فىلىملارنى

كۆرۈش ياخشى ئىشمۇ ياكى ناچار ئىشمۇ؟ نېمىشقا ئۇنداق ئويلايسىز؟

(3) ئاتا-ئانىڭىز سىزگە تېلېفون بەرگەندە: «مۇنداق-مۇنداق نەرسىلەرنى كۆرمەڭ» ياكى «بولدى ئەمدى، بەك جىق كۆردىڭىز» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلامدۇ؟ سىزنىڭچە، ئاتا-ئانىڭىز نېمىشقا سىزنىڭ خالىغانچە كۆرۈشىڭىز ۋە ئوينىشىڭىزنى خالىمايدۇ؟




1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* غەلۋە قىلماق — جېدەل-ماجىرا قىلماق، كەپسىزلىك قىلماق.

* زىيانكەشلىك — باشقىلارغا زىيان سالىدىغان ئىش-ھەرىكەت.

* زايە قىلماق — ئىسراپ قىلماق، بىھۇدە ئۆتكۈزمەك.

* قەدىرلىمەك — ① ھۆرمەتىنى قىلماق، ئەزىزلىمەك: ② ئەھمىيىتى ۋە قىممىتىنى چۈشەنمەك.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار:

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىشىلەر مۇنداق ئىككى نېمەتتىن زىيان تارتىدۇ: بىرى، سالامەتلىك؛ يەنە بىرى، بوش ۋاقىت» (بۇخارى توپلىغان).

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسى ــ كىشىلەرگە ئەڭ كۆپ پايدا يەتكۈزگىنىدۇر» (تەبەرانى توپلىغان).

# 7. دورىماڭلار



كىرىپ قالدى سەككىزگە،
قوشنىمىزنىڭ بالىسى.
ئەگىشىدۇ كەينىدىن،
نەگە بارسا ئانىسى.

نىمە چىقسا قولىغا،
شۇنى يەرگە ئاتىدۇ.
تاشلىۋېتىپ ئۆزىنى،
چار پاقىدەك ياتىدۇ.

داستىخاننى بۇزىدۇ،
بارغانلىكى ئۆيدە ئۇ.
بەزى تېخى سوزۇلۇپ،
يېتىۋالار تۆردە ئۇ.

ئۇ بالىنى ھېچقاچان،
دورىماڭلار بالىلار.
زوقى كېلىپ سىلەرگە،
كۈلسۇن ئاتا ـ ئانىلار.

## كۆنۈكمە

1. يۇقىرىقى شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.
2. شېئىردا قانداق مەزمۇنلار سۆزلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.
3. شېئىردا بايان قىلىنغان بالىنىڭ قانداق يامان ئادەتلىرى بارلىقىنى ئېيتىپ بېقىڭلار.
4. تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا مەنىداش (مەنىسى يېقىن) بولغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار:

| | |
|---|---|
| كەينى | خۇشال بولماق |
| بارماق | ھەرگىز |
| كۈلمەك | ئارقىسى |
| ھېچقاچان | كەتمەك |

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قانچە ھەرپ ۋە قانچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىپ بېقىڭلار:

قوشنىمىزنىڭ: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

تاشلىۋېتىپ: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

داستىخاننى: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

سوزۇلۇپ: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

ھېچقاچان: (  ) ھەرپ، (  ) بوغۇم

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) دورىماق:

(2) ئاتىماق:

(3) بۇزماق:

7. ئېيتىپ بېرىشنى خالامسىز؟

(1) سىز بۈگۈن ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان نېمە ئىشلارنى قىلدىڭىز؟

(2) ئاتا ـ ئانىڭىز سىزنىڭ قايسى ئىشىڭىزنى ئەڭ ياخشى كۆرىدۇ؟

8. ئويلىنىپ باقايلى.

(1) باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغاندا، قانداق ئىشلارنى قىلساق ئەدەپلىك مېھمان بولغان بولىمىز؟

(2) باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغاندا، قانداق ئىشلارنى قىلماسلىقىمىز كېرەك؟

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* ئەگەشمەك ــ ئارقىسىدىن ماڭماق.
* تۆر ــ داستىخاننىڭ ھۆرمەتلىك ئورنى.
* زوقى كەلمەك ــ ھەۋىسى كەلمەك، قىزىقماق.

2. تۆۋەندىكى ھېكمەتلىك سۆزنى توغرا ۋە جانلىق ئوقۇپ بېقىڭلار، ئاندىن بۇ ئەدەپ-قائىدىلەرنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار:

ھەر قانداق سورۇنغا بارساڭ تاماقنى ئەدەپ-قائىدە بىلەن يېگىن، سەندىن چوڭلار تاماققا قول ئۇزىتىشتىن بۇرۇن، ھەرگىز تاماققا قول ئۇزاتما. تاماقنى ئوڭ قولۇڭ بىلەن يېگىن. باشقىلارنىڭ ئالدىدىكى تاماققا قول ئۇزاتما، ئالدىڭدا نىمە بولسا، شۇنى يېگىن. داستىخاندا ئورنۇڭ نەگە توغرا كەلسە، شۇ يەردە ئولتۇر. ھەرقانچە قورسىقىڭ توق بولسىمۇ، ئازراق بولسىمۇ يېگىن، بولمىسا ئۆي ئىگىسىنىڭ كۆڭلى يېرىم بولىدۇ. ئاچكۆزلۈك قىلما، يېمەكلىكلەرنى ئۇششاق چايناپ يە، ئالدىراپ پۈتۈن-پۈتۈن يۇتما.

زىياپەت سورۇنلىرىدا بولسۇن ياكى جامائەت سورۇنلىرىدا بولسۇن، ئەدەپلىك بولغىن. چوڭلارنىڭ قېشىغا كەلسەڭ ۋە ئۇلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرساڭ، ئۇلارغا سالام قىلغىن. ئۆزۈڭگە لايىق بولغان ئورنۇڭنى بىلىپ ئولتۇر. داستىخاندا

ئولتۇرغاندا، كەلسە-كەلمەس يەرگە تۈكۈرمە ھەم بۇرنۇڭنى تاشلىما، بۇ بەكمۇ يامان ئادەت. ئولتۇرغاندا پۇتلىرىڭنى سۇنۇپ ئولتۇرما، يانچە يېتىۋالما، بۇ ئادەتلەر باشقىلارغا نىسبەتەن ھۆرمەتسىزلىك ۋە ئەدەپسىزلىك بولۇپ قالىدۇ.

كىشىلەرنىڭ ئالدىدا تىرناق ئېلىش، بەدىنىنى قاشلاشمۇ ئەدەپسىزلىك بولىدۇ. ئۆزۈڭدىن چوڭلار گەپ قىلىۋاتقاندا گېپىنى بۆلمە. ۋارقىراپ-جارقىراپ گەپ قىلما، ئەدەپ بىلەن ياخشى، يۇمشاق گەپ قىل، بولمىسا قەدىر-قىممىتىڭ بولمايدۇ. سەن باشقىلارغا ئەدەپلىك بولساڭلا، باشقىلار سېنى ياخشى كۆرىدۇ.

— «قۇتادغۇبىلىك» كىتابىدىن

## 2 ئاساسىي مەشىق

1. تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) «ئەجابەت بولغان دۇئا» دېگەن تېكستتىن سىز نېمىلەرنى بىلىۋالدىڭىز؟

(2) ئەگەر سىزنىڭ ئانىڭىز ئاغرىپ قالسا، ئۆيدە نېمە ئىشلارنى قىلىسىز؟

(3) «ئانا ۋەتەن» ناملىق شېئىردىكى:

«زالىم دۈشمەنگە ئەل بولماي،
شەھىدلىكنى ئەۋزەل بىلگەن.
نائۈمىد بوپ قېچىپ دۈشمەن،
دەككىسىنى راسا يېگەن.» دېگەن مىسرالاردا كەلگەن «دۈشمەن» سىزنىڭچە كىمنى كۆرسىتىدۇ؟

(4) سىزنىڭچە، ياخشى ئەخلاق قانداق بولىدۇ، يامان ئەخلاقچۇ؟ پىكرىڭىزنى سۆزلەپ بېقىڭ.

2. ئۆگەنگەن تېكىستلەرگە ئاساسەن، تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىپ، توغرىسىغا «✓» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) زۇلھايانىڭ ئانىسى ئاللاھنىڭ ھەممىگە قادىر ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيتتى. (    )

(2) زۇلھايا ئانىسىنىڭ ساقىيىپ كېتىشىنى ئۈمىد قىلاتتى، لېكىن يۈسۈپ خالىمايتتى، شۇڭا ئۇ سىرتقا چىقىپ كەتتى. (    )

(3) ئاللاھ تائالا زۇلھايانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلىپ،

ئانىسىنىڭ كېسىلىگە شىپالىق بەردى. (   )

(4) «ئانا ۋەتەن» دېگەن شېئىردا پۈتۈن ئىنسانلار تۈركىستاننىڭ پەرزەنتلىرى ۋە جەڭچىلىرى ئىكەنلىكى سۆزلەنگەن. (   )

(5) «دادام دېدى: <بىلگىن بالام!

ۋەتەن بىزنىڭ جېنىمىزدۇر.>»

دېگەن مىسرالار شەرقىي تۈركىستان پەقەت ئاتا-بالا ئىككىيلەننىڭلا ۋەتىنى ئىكەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ. (   )

(6) «تەربىيلەر بىزنى،

ئەخلاقلىق قىلىپ.

دىنغا، ۋەتەنگە،

يارامىلىق قىلىپ.»

دېگەن مىسرالار «ئانا ۋەتەن» دېگەن شېئىردىن ئېلىنغان. (   )

3. تۆۋەندىكىلەردىن قايسى جۈملە قايسى رەسىمگە ماس كېلىدۇ؟



| | |
|---|---|
| 4 | |
| | |



| | |
|---|---|
| 1 | |
| | |



| | |
|---|---|
| | |
| | |

(1) بىر بالا تۈز يولدا ۋېلىسىپىت مىنىۋاتىدۇ.

(2) بىز يۈگۈرۈش مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈۋاتىمىز.

(3) بۇ يولنىڭ بويىدا ئۈزۈن بىر رىشاتكا ۋە گۈزەل كۆل بار.
(4) مەن پۇتبول ئويناشقا بەك ئامراق.
(5) بىز جەمئىي تۆت بالا، قالغان ئۈچەيلەن مېنىڭ كەينىمدە قالدى.
(6) بۇ ۋېلسىپىت ھەم يېڭى، ھەم چىرايلىق ئىكەن.
(7) مەن بىلەن بىرگە پۇتبول ئوينايدىغان دوست تاپسام بولاتتى.
(8) ھويلام كەڭرى ھەم يېشىللىق بولغاچقا، پۇتبول ئويناشقا بەك مۇۋاپىق.
(9) بۈگۈن ھاۋا سەل ئىسسىق بولغاچقا، يۈگۈرۈپ بەك ئۇسساپ كەتتۇق.
(10) دادام بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ھويلىغا چىرايلىق بىر ۋاراتار ياساپ بېرىدىغان بولدى.
(11) بۇ ۋېلسىپىتنى ماڭا دادام ئېلىپ بەرگەن.
(12) ئەڭ كەينىدە قالغان قارا مايكىلىق بولسا مېنىڭ ئىنىم.
4. ئۆگەنگەن مەزمۇنلارغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى بوش ئورۇنغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى تولدۇرۇڭلار:
(1) ئاللاھ تائالانىڭ دۇئايىڭىزنى چوقۇم ئىجابەت قىلىدىغانلىقىغا ئىشىنىپ _____ قىلسىڭىز، سورىغان نەرسىڭىزنى ئاللاھ چوقۇم بېرىدۇ.
(2) ھەر كۈنى پەقەت _____ ئويناپ، كارتون كۆرۈپ، نۇرغۇن قىممەتلىك ۋاقتىڭنى زايە قىلىۋاتىسەن.
5. ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئويۇن ئوينايلى.
ئالدى بىلەن تۆت ياكى بەش بالا بىر گۇرۇپپا بولۇپ،

بىرنەچچە مۇسابىقە گۇرۇپپىسى تەشكىللىنىدۇ. ئوقۇتقۇچى ھەربىر گۇرۇپپىغا بىر ۋاراق قەغەز بېرىدۇ. ئاندىن ھەربىر گۇرۇپپىدىكىلەر ئۆزئارا مەسلىھەتلىشىپ بىر مېۋە، ياكى كۆكتات، ياكى تەنتەربىيە پائالىيىتى ۋە ياكى يەر نامىنى يازىدۇ. ئاندىن ئوقۇتقۇچى بارلىق قەغەزلەرنى ئوخشاش شەكىلدە قاتلاپ، بىر چوڭ قۇتىغا سېلىپ چايقىۋەتكەندىن كېيىن، يەنە قايتا تارتىشقا بۇيرۇيدۇ.

كىمنىڭ قولىغا قايسى سۆز چىققان بولسا، ھەربىر گۇرۇپپىدىكى بىرىنچى بالا شۇ سۆزنى ئىشلىتىپ، بىرىنچى شەخس تىلىدا (يەنى «مەن كاۋاپ يېيىشكە بەك ئامراق» ياكى «مەن بۇگۈن پۇتبول ئوينىدىم» دېگەندەك) بىر جۈملە تۈزىدۇ. ئاندىن ئۆز گۇرۇپپىسىدىكى يەنە بىر ساۋاقدىشىغا بېرىدۇ. ئۇ ساۋاقدىشى ئالدىدىكى بالىنىڭ يازغان جۈملىسىنى داۋاملاشتۇرۇپ، يەنە بىر جۈملە يازىدۇ. شۇنداق قىلىپ، مۇشۇ تىما ھەققىدە بىر گۇرۇپپىدىكى باللار بەش مىنۇت (ئەھۋالغا قاراپ 10 — 15 مىنۇت قىلىسىمۇ بولىدۇ) ئىچىدە بىر ھېكايە يېزىپ چىقىدۇ.

ۋاقىت توشقاندىن كېيىن، ئوقۇتقۇچى ھەربىر گۇرۇپپىدىكى بىرەيلەنگە ئۆزلىرىنىڭ يازغان ھېكايىسىنى ئۈنلۈك ئاۋازدا ئوقۇتىدۇ. ئاخىرىدا سىنىپتىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق باھالىشى ئارقىلىق، ئەڭ ياخشى يېزىلغان ھېكايە تاللىنىپ مۇكاپاتلىنىدۇ.

6. «تېلېفوننىڭ نالىسى» دېگەن ھېكايىگە ئاساسەن، تېلېفوننىڭ ياخشى ۋە يامان تەرەپلىرىنى يېزىپ چىقىڭلار.

# 3 ـ بۆلەك



# 8. پەيغەمبىرىم مۇھەممەد



بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى،
پەيغەمبىرىم مۇھەممەد.
يولباشچىدۇر، ئۈلگىدۇر،
ئىنسانلارغا تائەبەد.

ئىككى دۇنيا بىزلەرگە،
رەھىمدىل ھەم مېھرىبان.
كۆڭلى ـ كۆكسى بەكمۇ كەڭ،
ئەمىن، راستچىل، كۆيۈمچان.

سۆيۈملۈكسەن مەن ئۈچۈن،
بارچە نەرسەم، جېنىمدىن.
مۇستەھكەم بوپ ماڭىمەن،
سۈننىتىڭدىن، ئىزىڭدىن.

سېنى بىزگە پەيغەمبەر،
يولباشچى قىپ ياراتقان،
رەببىمگە مىلك مەدھىيە،
مېنى ھەققە باشلىغان.

## كۆنۈكمە

1. يۇقىرىقى شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.
2. يۇقىرىقى شېئىردىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ قانداق كىشى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدىڭلار؟
3. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھاياتىدىن سىلەر بىلىدىغان خالىغان بىر ئىشنى سۆزلەپ بېقىڭلار.
4. يۇقىرىقى شېئىرغا ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) شېئىردا پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق سۈپەتلىرى تىلغا ئېلىنغان؟

(2) پەيغەمبىرىمىز نېمىمىزدىنمۇ بەكرەك سۆيۈملۈك ئىكەن؟

(3) «مۇستەھكەم بوپ ماڭىمەن،
سۈننىتىڭدىن، ئىزىڭدىن.»
دېگەن ئىككى مىسرانىڭ مەنىسى نېمە؟

(4) شېئىرنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتىدىكى «ئىككى دۇنيا» بولسا قايسى ـ قايسى دۇنيانى كۆرسىتىدۇ؟

(5) شېئىرنىڭ ئاخىرقى تۆت مىسراسىدا كىمگە مەدھىيە ئوقۇلغان؟

5. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ شېئىردا قاپىيەلىشىپ كەلگەن سۆزلىرىنى تېپىپ، تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

مەسىلەن، مۇھەممەد ______ (تائەبەد).

(1) مېھرىبان ______ (                ).

(2) جېنىمدىن ______ (                ).

(3) ياراتقان ______ (                ).

6. پەيغەمبىرىمنى ئۇلگە قىلىمەن.

ئەگەر تۇرمۇشتا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارغا ئۇچراپ قالسىڭىز، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ئۈچۈن قانداق قىلىسىز؟

(1) بىر كۈنى مەن تېلېفون ئويناپ، تاپشۇرۇقنى تولۇق ئىشلەپ بولالمىدىم. ئەتىسى ئوقۇتقۇچىمغا: «ئاخشام ئاغرىپ قالغان ئىدىم» ياكى «ئاتا ـ ئانام باشقا يەرگە كېتىپ، ئۇكامغا قارايمەن دەپ ئىشلەپ بولالمىدىم» دەپ يالغان ئېيتماقچى بولدۇم ـ يۇ، لېكىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ راستچىل كىشى ئىكەنلىكىنى ۋە ھېچقاچان يالغان سۆزلىمەيدىغانلىقىنى ئەسلەپ، ______________________.

(2) مەن مەكتەپتىن ئۆيگە قايتىۋاتقاندا، بىر موماينىڭ ئېغىر خالتىلارنى تولىمۇ تەستە كۆتۈرۈپ مېڭىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. مەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ باشقىلارغا ياردەم بېرىشنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ئەسلەپ، ______________________

______________________.

(3) دوستۇم مېنىڭ يېڭى ئالغان قەلىمىمنى ئېھتىياتسىزلىقتىن سۇندۇرۇپ قويدى. ئۇ مېنىڭ خاپا

بولۇشۇمدىن ئەنسىرىدى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەپۇچان ئىكەنلىكىنى ئەسلەپ، ______________________

______________________.

(4) بىر كۈنى مەن باشقىلارنىڭ ئۆيىگە بارغاندا ئالدىمغا ھەرخىل نازۇنېمەتلەر تىزىلغان داستىخان سېلىندى، مەن ______________________

______________________.

(5) ئاپام ئۆي ئىشلىرىنى قىلىۋاتاتتى. بۇ ۋاقىتتا تالادا ئاداشلىرىم مېنى ئوينىغىلى چاقىردى. مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ «ئاتا ـ ئانىغا ياخشىلىق قىلىش» توغرىسىدىكى ھەدىسلىرىنى ئەسلەپ، ______________________

______________________.

## بىلەمسىز؟

### پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيى ۋە مۇبارەك قەبرىلەر



ئەزىز ساۋاقداشلار! بۇ رەسىم پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنە مۇنەۋۋەرەدىكى ئۆيىگە ئوخشىتىپ ياسالغان مودېل (شەكىل)دۇر. پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيى ھازىر مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئىچىدە. ئۇنداقتا، بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆيىنى كۆرۈپ چىقايلى:

بۇ ئۆيگە قاراپ بەلكىم ھەيران قېلىشىڭلار مۇمكىن، چۈنكى پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ پەيغەمبىرى ۋە ئاللاھ تائالانىڭ ئەڭ يېقىن دوستى مانا مۇشۇنداق ئاددىي تۇرمۇش كەچۈرەتتى.

پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىدىكى لازىملىق نەرسىلەر تولىمۇ ئاز ۋە ئاددىي ئىدى. كارىۋىتى خورما دەرىخى شاخلىرىدىن توقۇلغان بولۇپ، ئۈستىگە تېرە ياكى يۇڭ كۆرپە سېلىنغان. بىر بۇلۇڭدا كوزا (سۇ ياكى باشقا نەرسىلەرنى قاچىلايدىغان ساپال قاچا) قويۇلغان. ئۆينىڭ تورۇسىمۇ پەقەتلا خورما دەرەخ شاخلىرى ۋە ياپراقلىرى بىلەن يېپىلغان.

پەيغەمبىرىمىز دۇنيانىڭ بايلىقىنى ئەمەس، بەلكى ئاخىرەتتىكى كاتتا جەننەتنى ئارزۇ قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئەنە شۇنداق ئاددىي تۇرمۇشتا ياشاپ، بىزگە قانائەتچان بولۇشنىڭ ئۈلگىسىنى كۆرسەتكەن. گەرچە پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيى ئەنە شۇنداق كىچىك ۋە ئاددىي بولسىمۇ، لېكىن ئۇ تارىختىن بۇيانقى ئەڭ ئەخلاقلىق، پەزىلەتلىك ۋە ئەڭ ياخشى ئىنسان ئىدى.

**پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئۆيىگە دەپنە قىلىنغان ئۈچ كىشى**



بۇ رەسىمدە ئۈچ تال قەبرە كۆرسىتىلگەن بولۇپ، بۇلارمۇ بىز ئۈچۈن ئىنتايىن مۇھىمدۇر.

ئوڭ تەرەپ ئەڭ ئۈستىدىكى قەبرە: پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىدۇر. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۆز ئۆيىگە دەپنە قىلىنغان بولۇپ، بارلىق مۇسۇلمانلار پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسىنى ھۆرمەتلەيدۇ ۋە ئۇنى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوغدايدۇ.

ئوتتۇرىدىكى قەبرە: ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى سىددىق رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسىدۇر. بۇ كىشى پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى ۋە ئىسلامدىكى تۇنجى خەلىپىدۇر. پەيغەمبىرىمىز ۋاپات تاپقاندىن كېيىن، مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولغان.

سول تەرەپ ئەڭ ئاستىدىكى قەبرە: ھەزرىتى ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ قەبرىسىدۇر. ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ۋاپات تاپقاندىن كېيىن، بۇ كىشى مۇسۇلمانلارنىڭ خەلىپىسى بولغان بولۇپ، ئۇنىڭ دەۋرىدە ئىسلام زېمىنلىرى ئىنتايىن كېڭەيگەن ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ سانىمۇ ئىنتايىن كۆپەيگەن.

بۇ ئۈچ كىشى ھاياتىدا بىر-بىرىگە ئىنتايىن يېقىن ۋە سەمىمىي دوستلاردىن ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۆمەر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئىككىسى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا بولغان مۇھەببىتى ۋە يېقىنلىقى سەۋەبىلىك، ئۆزلىرىنىڭمۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قېشىغا دەپنە قىلىنىشىنى ئارزۇ قىلغان.

بۈگۈنكى كۈندە بۇ قەبرىلەر مەدىنە شەھىرىدىكى مەسجىدى نەبەۋىنىڭ ئىچىدە بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار زىيارەت قىلىپ ۋە ئۇلارغا سالام بېرىپ كېتىدۇ.

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* يولباشچى — باشلامچى، رەھبەر.

* تائەبەد — مەڭگۈ.

* ئەمىن — ئىشەنچلىك، ئامانەتدار، كىشىلەر ئۇنىڭدىن تامامەن خاتىرجەم بولالايدىغان.

* مۇستەھكەم — ① قەتئىي، تەۋرەنمەس، بوشاشماس؛ ② پۇختا، چىڭ، مەزمۇت.

2. تۆۋەندىكى ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار:

* ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرگە — ئاللاھنى، ئاخىرەت كۈنىنى ئۈمىد قىلغان ۋە ئاللاھنى كۆپ ياد ئەتكەنلەرگە — رەسۇلۇللاھ ئەلۋەتتە ياخشى ئۈلگىدۇر» (سۈرە ئەھزاب 21 ـ ئايەت).

* ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سەن ھەقىقەتەن بۈيۈك ئەخلاقتا ئىگىسەن» (سۈرە قەلەم 4 ـ ئايەت).

* سەفىيە بىنتى ھۇيەي رەزىيەللاھۇ ئەنھا مۇنداق دېگەن: «مەن رەسۇلۇللاھتىنمۇ گۈزەل ئەخلاقلىق بىر كىشىنى كۆرۈپ باقمىدىم» (تەبەرانى توپلىغان).

# 9. ئەڭ بەرىكەتلىك بوۋاق



نۇرلۇق ئايدىڭ بىر كېچىدە، مەككە شەھىرىنىڭ يۇلتۇزلۇق ئاسمىنى ئالاھىدە پارلاۋاتاتتى. ئامىنە ئىسىملىك ياش ئايال ئۇخلاۋېتىپ، ئاجايىپ خاسىيەتلىك بىر چۈش كۆردى. چۈشىدە ئاجايىپ بىر پارلاق نۇر كۆرۈنۈپ، بۇ نۇر ھەتتا يىراقتىكى شام دىيارىنىڭ قەسىرلىرىنىمۇ يورۇتۇۋەتتى.

بۇ چۈشنى ئاڭلىغان ئابدۇلمۇتتەلىپ: «بۇ چۈش ئامىنەنىڭ پات ئارىدا ئاجايىپ بەرىكەتلىك بىر بالا تۇغىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. بۇ بالا كەلگۈسىدە كاتتا ئادەم بولىدۇ ۋە بارلىق كىشىلەرگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ» دېدى.

كۈنلەر ئۆتۈپ، ئىنتايىن ساغلام ۋە چىرايلىق بىر بوۋاق دۇنياغا كەلدى. بۇ خۇش خەۋەر بىردەمدىلا ھەممە يەرگە تارقالدى. ئابدۇلمۇتتەلىپ بۇنى ئاڭلاپ، تولىمۇ خۇشال بولغان ھالدا: «ئەلھەمدۇلىللاھ! ئامىنەنىڭ كۆرگەن چۈشى

ئەمەلگە ئېشىپتۇ» دېدى. كىشىلەر تەرەپ ـ تەرەپتىن كېلىپ، بۇ بوۋاقنى تەبرىكلىشىپ: «مۇبارەك بولسۇن! بۈگۈن تولىمۇ ئۇلۇغ بىر كۈن بولدى. ئامىنەنىڭ كۆرگەن چۈشى ئەمەلگە ئېشىپ، بىزگە بەرىكەت ياغىدىغان بولدى!» دېيىشتى.

ئابدۇلمۇتتەلىب هاياجانلانغان هالدا نەۋرىسىنى قوللىرىغا ئېلىپ، بوۋاقنىڭ نۇر چېچىپ تۇرغان يۈزىگە تويماي قارايتتى. بوۋاقنىڭ كۆزلىرى نۇرلۇق، يۈزى ئايدەك جۇلالىق، قارىغان كىشىنىڭ هەيرانلىقىنى ۋە هەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. كىشىلەر:

— بۇ بوۋاقنىڭ ئىسمىنى نېمە قويماقچىسىز؟ — دەپ سورىغانىدى، ئابدۇلمۇتتەلىب:

— ئۇنىڭ ئىسمىنى «مۇھەممەد» قويىمەن. ئىشىنىمەنكى، بۇ بالا كەلگۈسىدە ئىنتايىن ئېسىل بىر ئادەم بولىدۇ، بارلىق كىشىلەر ئۇنى مەدھىيىلەيدۇ، — دېدى.

## قىسقىچە ئىزاھات

* «مۇھەممەد» دېگەن سۆز «ماختىلىدىغان، مەدھىيىلىنىدىغان» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسىنىڭ ئىسمى ئامىنە.

* پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى ئابدۇللاھ.

* يۇقىرىقى تېكىستتە ئېيتىلغان ئابدۇلمۇتتەلىب — پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بوۋىسىدۇر، يەنى دادىسىنىڭ دادىسى.

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ھالدا ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇڭلار.
2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.
3. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:
(1) «مۇھەممەد» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟
(2) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى ئامىنە قانداق چۈش كۆردى؟
(3) ئابدۇلمۇتتەلىب بۇ چۈشنى ئاڭلىغاندا نېمە دېدى؟
(4) بوۋاق، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندا كىشىلەر تەبرىكلىشىپ نېمە دېدى؟
(5) بوۋاق تۇغۇلغاندا قانداق ئىدى؟
(6) ئابدۇلمۇتتەلىب نېمە ئۈچۈن بوۋاققا «مۇھەممەد» دەپ ئىسىم قويدى؟
4. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «✓» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.
(1) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئانىسى چۈشىدە قۇياشنى كۆرۈپ، ناھايىتى قورقۇپ كەتتى. (   )
(2) «مۇھەممەد» دېگەن سۆز «بەركەتلىك» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. (   )
(3) ئابدۇلمۇتتەلىب چۈشنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، پات ئارىدا ئاجايىپ بەركەتلىك بىر بوۋاقنىڭ تۇغۇلىدىغانلىقىنى،

بۇ بالا كەلگۈسىدە كاتتا ئادەم بولۇپ، بارلىق كىشىلەرگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ( )

(4) بوۋاق تۇغۇلغاندا كۆزلىرى نۇرلۇق، يۈزى ئايدەك جۇلالىق، قارىغان كىشىنىڭ ھەيرانلىقىنى ۋە ھەۋىسىنى كەلتۈرەتتى. ( )

(5) بوۋاق تۇغۇلغاندا مەككە خەلقىنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم بولدى. ( )

(6) ئابدۇلمۇتتەلىب بوۋاقنىڭ ئىسمىنى ئابدۇللاھ قويدى. ( )

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) يورۇتماق:

(2) تارقالماق:

(3) خۇشال بولماق:

(4) ياغماق:

(5) ھەۋىسى كەلمەك:

6. ئويلىنىپ باقايلى.

(1) ئابدۇلمۇتتەلىب: «بۇ چۈش ئامىنەنىڭ پات ئارىدا ئاجايىپ بەرىكەتلىك بىر بالا تۇغىدىغانلىقىنىڭ بېشارىتىدۇر. بۇ بالا كەلگۈسىدە كاتتا ئادەم بولىدۇ ۋە بارلىق كىشىلەرگە ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدۇ» دېدى ۋە يەنە: «ئىشىنىمەنكى، بۇ بالا كەلگۈسىدە ئىنتايىن ئېسىل بىر ئادەم بولىدۇ» دېدى. ئۇنداقتا، بۇ بالا كەلگۈسىدە قانداق ئادەم بولدى؟ قانداق

ياخشى ئىشلارنى قىلدى؟

(2) سىزنىڭچە بۇ تېكىستكە نېمە ئۈچۈن «ئەڭ بەرىكەتلىك بوۋاق» دەپ ئىسىم قويۇلغان؟

7. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەمنىڭ ھاياتى ھەققىدىكى تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرەلەمسىلەر؟

- پەيغەمبىرىمىز قايسى شەھەردە تۇغۇلغان؟
- پەيغەمبىرىمىزگە ئاللاھ تەرەپتىن نازىل بولغان ۋە بىزگە ئۆگەتكەن ئەڭ مۇھىم كىتابنىڭ ئىسمى نېمە؟
- پەيغەمبىرىمىز مەككىدىن قايسى شەھەرگە ھىجرەت قىلغان؟
- پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھىجرەت سەپىرىدە كىم ھەمراھ بولغان؟
- پەيغەمبىرىمىز بىزگە نېمىلەرنى ئۆگەتكەن؟




1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* بەرىكەت ــ ① ياخشىلىق، نېمەت؛ ② مولچىلىق؛ ③ پايدا؛ ④ ئىلاھىي ياردەم، ئىلاھىي ياخشىلىق. (بۇ تېكىستتىكى «بەرىكەتلىك» دېگەن سۆز مۇشۇ ④نچى

مەنىدە كەلگەن.)

* نۇرلۇق — پارقىراپ تۇرىدىغان، چاقناپ تۇرىدىغان، يورۇق.

* ئايدىڭ — ① ئاي نۇرى بىلەن يورۇغان؛ ② يورۇق.

* پارلىماق — نۇر چاچماق، يورۇق يانماق.

* خاسىيەتلىك — ① ئالاھىدە، باشقىلاردىن پەرقلىنىدىغان؛ ② ياخشىلىق ئېلىپ كېلىدىغان.

* شام دىيارى — ھازىرقى سۇرىيە، پەلەستىن ۋە ئىيوردانىيەنى كۆرسىتىدۇ.

* قەسىر — ① پادىشاھلار ياكى كاتتا بايلار ياشايدىغان ناھايىتى چوڭ ۋە چىرايلىق بېزەلگەن ئوردا؛ ② كاتتا بايلار ياشايدىغان، ئىنتايىن چىرايلىق بېزەلگەن ئۆي.

* بېشارەت — ① خۇش خەۋەر، ياخشى بىر ئىشنىڭ ئالامىتى؛ ② كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ياخشى بىر ئىشتىن بېرىلگەن دەسلەپكى مەلۇمات ياكى ئالامەت.

* جۇلالىق — چاقناپ تۇرىدىغان، نۇرلۇق، كۆزنى قاماشتۇرىدىغان دەرىجىدە يورۇق.

* ھەۋەس كەلمەك — ① ياخشى كۆرمەك، قىزىقماق، ياقتۇرماق؛ ② بىر نەرسىنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلماق.

* مەدھىيىلىمەك — ماختىماق، ئۇلۇغلىماق، ئېسىل سۈپەتلەر بىلەن تەسۋىرلىمەك.

* قەبىلە — قانداشلىق مۇناسىۋىتى يېقىن بولغان ياكى تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بويىچە بىرلەشكەن ئادەملەر

توپى.

2. تۆۋەندىكى ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىملەرنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

* ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(ئى مۇھەممەد!) سېنى بىز پۈتۈن ئەھلى جاھان ئۈچۈن پەقەت رەھمەت قىلىپلا ئەۋەتتۇق» (سۈرە ئەنبىيا 107 ـ ئايەت)

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: »ئاللاھ مەخلۇقلارنى ياراتتى، ئاندىن مېنى ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشى تۈرىدىن (يەنى ئىنسانلاردىن) قىلدى. ئاندىن (ئەرەب ۋە ئەرەب بولمىغان بۇ) ئىككى تۈرلۈك ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىدىن قىلدى. ئاندىن قەبىلىلەرنى تاللىدى (ياراتتى) ۋە مېنى ئەڭ ياخشى قەبىلىدىن (يەنى قۇرەيش قەبىلىسىدىن) قىلدى. ئاندىن ئائىلىلەرنى تاللىدى ۋە مېنى ئەڭ ياخشى ئائىلىدىن (يەنى ھاشىم ئائىلىسىدىن) قىلدى. شۇڭا مەن ئائىلە جەھەتتىن، شۇنداقلا جىسمانىي ۋە روھىي جەھەتتىن ئۇلارنىڭ ئەڭ ياخشىسىمەن» (بۇخارى توپلىغان).

# 10. ئىككى مۇقەددەس شەھەر

ئىسلام دىنىمىزدا ئەڭ مۇھىم بولغان ئىككى شەھەر بار. ئۇلار سەئۇدى ئەرەبىستان دۆلىتىدىكى مەككە ۋە مەدىنە شەھەرلىرىدۇر. ھەربىر مۇسۇلمان بۇ شەھەرلەرنى چىن قەلبىدىن ياخشى كۆرىدۇ.

*** بىرىنچى مۇقەددەس شەھەر — مەككە مۇكەررەمە**



مەككە «ئەمىن شەھەر» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. يەنى، بۇ «تولىمۇ بىخەتەر ۋە تىنچ ـ ئامان شەھەر» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. بىزنىڭ سۆيۈملۈك پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇشۇ شەھەردە دۇنياغا كەلگەن.

مەككىدە ناھايىتى مۇھىم بىر جاي بار. ئۇ بولسىمۇ «مەسجىدى ھەرەم»دۇر. مەسجىدى ھەرەمنىڭ ئوتتۇرىسىدا كەبە بار. كەبە بولسا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام بىلەن ئوغلى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام ئۆز قوللىرى بىلەن قۇرۇپ چىققان، شەكلى تۆت بۇلۇڭلۇق، ئۈستى قارا رەختلەر بىلەن يېپىلغان

بىر ئۆيدۇر. دۇنيادىكى بارلىق مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا يۈزىنى مۇشۇ كەبىگە قارىتىدۇ، شۇڭا ئۇنى «قىبلە» دەپمۇ ئاتايمىز.

مەككىنىڭ ئەتراپىدا يەنە ئەرافات، مىنا ۋە مۇزدەلىفە دېگەن مۇھىم جايلار بار. ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بۇ يەرلەرگە كېلىپ، ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىدۇ.

*** ئىككىنچى مۇقەددەس شەھەر — مەدىنە مۇنەۋۋەرە**



مەدىنە مۇنەۋۋەرە تولىمۇ پاك ۋە گۈزەل بىر شەھەر بولۇپ، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلغان.

پەيغەمبىرىمىز مەدىنىگە ھىجرەت قىلىپ كەلگەندىن كېيىنلا، ساھابىلەر بىلەن بىرگە «مەسجىدى نەبەۋى»نى قۇرۇپ چىققان. بۇ مەسجىد يېشىل گۈمبەزلىك بولۇپ، ناھايىتى چىرايلىق. پەيغەمبىرىمىز مەدىنىدە ۋاپات بولۇپ، مۇشۇ يەرگە دەپنە قىلىنغان.

مەدىنە شەھىرىدە ئىسلام دىنى كوچىيغان ۋە گۈللەنگەن،

شۇنداقلا مۇشۇ يەردىن باشلاپ، پۈتۈن دۇنياغا تارقالغان. شۇڭلاشقا، مەدىنىنى «ئىسلامنىڭ تۇنجى ماكانى» دەپ ئاتايمىز.

بۇ ئىككى مۇقەددەس شەھەرنى زىيارەت قىلىش، مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىش، مەدىنىگە بېرىپ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەسجىدىدە ناماز ئوقۇش — ھەربىر مۇسۇلماننىڭ چوڭ ئارزۇسىدۇر.

## قىسقىچە ئىزاھات

* مەككە مۇكەررەمە — «ھۆرمەتكە سازاۋەر ۋە ئۇلۇغلانغان مەككە شەھىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

* مەدىنە مۇنەۋۋەرە — «نۇرلۇق ۋە نۇر چاچقان مەدىنە شەھىرى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.



## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ھالدا دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق ۋە توغرا كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.
2. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) ئىسلام دىنىمىزدا ئەڭ مۇقەددەس ھېسابلىنىدىغان ئىككى شەھەر قايسىلار؟

(2) «ئەمىن شەھەر» دېگەن سۆز نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟
(3) مەسجىدى ھەرەم قايسى شەھەردە؟
(4) كەبىنى كىم قۇرۇپ چىققان؟
(5) مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا يۈزىنى قەيەرگە قارىتىدۇ؟
(6) پەيغەمبىرىمىز قايسى شەھەردىن قايسى شەھەرگە ھىجرەت قىلغان؟
(7) «مەسجىدى نەبەۋى» قانداق مەسجىد؟
(8) «ئىسلامنىڭ تۇنجى ماكانى» دەپ ئاتىلىدىغان شەھەر قايسى؟

3. تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قارىمۇقارشى (قارشى مەنىلىك) بولغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار:

| | |
|---|---|
| بىخەتەر | ئاجىزلىغان |
| كۆچەيگەن | خەتەرلىك |
| دۇنياغا كەلگەن | ئادەتتىكى |
| مۇقەددەس | ۋاپات بولغان |

4. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى بوش ئورۇنغا مۇۋاپىق سۆزلەرنى تولدۇرۇڭلار:
(1) مەككە شەھىرى يەنە ______ دەپمۇ ئاتىلىدۇ.
(2) مۇسۇلمانلار ناماز ئوقۇغاندا قارايدىغان قىبلىسى بولسا ______ دۇر.
(3) پەيغەمبىرىمىز ______ شەھىرىدە ۋاپات بولغان.
(4) مەسجىدى نەبەۋىنىڭ گۈمبىزى ______ رەڭلىك.
(5) مەككىنىڭ ئەتراپىدا يەنە ______، ______ ۋە ______ دېگەن مۇھىم جايلار بار. ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمانلار بۇ يەرلەرگە كېلىپ، ھەج ئىبادىتىنى ئادا قىلىدۇ.

5. تۆۋەندىكى سۆزلەر گۇرۇپپىسىغا يېزىلىشقا مۇۋاپىق بولمىغان بىر سۆزنى تېپىپ چىقىرىۋېتىڭلار ھەمدە سەۋەبىنى سۆزلەپ بېرىڭلار:

| | |
|---|---|
| مەككە | مەدىنە |
| تۆت | قەشقەر |

| | |
|---|---|
| مۇھەممەد | ھەج |
| ئىسمايىل | ئىبراھىم |

| | |
|---|---|
| رەخت | ناماز |
| ھەج | روزا |

| | |
|---|---|
| يۈز | قول |
| يۈرەك | كەبە |

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) ياخشى كۆرمەك:

(2) قارىماق:

(3) كۈچەيمەك:

7. تۆۋەندىكى رەسىملەرنى توغرا ئىسمى بىلەن تۇتاشتۇرۇڭلار:





مەسجىدى ھەرەم　　ھېيتگاھ مەسجىدى　　مەسجىدى نەبەۋى

# بىلىملەر
## خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* مۇقەددەس — ① ئەزىز، ئۇلۇغ؛ ② سۆيۈملۈك، بىباھا، شەرەپلىك.

* چىن — ① پاك، ساپ، سەمىمىي؛ ② ھەقىقىي، راست، توغرا.

* دۇنياغا كەلمەك — تۇغۇلماق.

* قورۇپ چىقماق — ياسىماق، سالماق.

* ئادا قىلماق — ئورۇنلىماق، تاماملىماق.

* ھىجرەت قىلماق — «كۆچۈش» دېگەن مەنىدە. لېكىن، شەرئىي جەھەتتىن، ئۆزىنىڭ تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرىدە ياكى مەلۇم بىر رايوندا ئۆزىنىڭ دىنىي پائالىيەتلىرى ۋە ئىبادەتلىرى چەكلىنىشكە ئۇچرىغانلىقى سەۋەبلىك، ئۆزىنىڭ دىنىنى قوغدىيالايدىغان ۋە ئىبادەتلىرىنى ئەركىن ۋە خاتىرجەم ئېلىپ بارالايدىغان، ئاللاھنىڭ كەلىمىسىنى ئۈستۈن قىلىش ۋە ئاللاھنىڭ دىنىنى يەتكۈزۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولغان رايونغا كۆچۈشنى كۆرسىتىدۇ.

* گۈللەنمەك — راۋاجلانماق، روناق تاپماق، تەرەققىي قىلماق.

* ماكان — ئورۇن، جاي.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنى جانلىق ئوقۇغۇچىلار ۋە مۇئەللىملەرنىڭ ياردىمىدە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مېنىڭ مەسجىدىمدە ئوقۇلغان بىر رەكئەت ناماز باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان مىڭ رەكئەت نامازدىن ئەۋزەلدۇر، پەقەت مەسجىدى ھەرەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مەسجىدى ھەرەمدە ئوقۇلغان بىر رەكئەت ناماز باشقا مەسجىدلەردە ئوقۇلغان 100 مىڭ رەكئەت نامازدىن ئەۋزەلدۇر» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «مەدىنە پاكتۇر (مۇقەددەستۇر)، كىمكى بۇ يەردە بىدئەت (يەنى، ئىسلامدا يوق بولغان ناچار ئىشلارنى) پەيدا قىلسا ياكى شۇنداق كىشىلەرگە ياردەم قىلسا، ئۇنىڭغا ئاللاھنىڭ، پەرىشتىلەرنىڭ ۋە بارلىق ئىنسانلارنىڭ لەنىتى بولىدۇ» (بۇخارى ۋە مۇسلىم توپلىغان).

# 11. ھەرەم سۆيگۈسى



مەككە، مەدىنە،
ئىككى پاك شەھەر.
ھەر مۇسۇلماننىڭ،
قەلبى تەلپۈنەر.

مەككىدە كەبە،
تۇرار نۇر چېچىپ.
ھاجىلار تاۋاپ،
قىلار ئايلىنىپ.

سۈپسۈزۈك زەمزەم،
تەنگە شىپالىق.
توختىماي ئاقار،
بولغاچ بەركەتلىك.

رەسۇلۇم ئىزى،
نۇر چېچىپ تۇرغان.
مەدىنە شەھىرى،
مېھىرگە تولغان.

باردۇر بۇ يەردە،
ئىسلام ئۇلگىسى
پەيغەمبىرىمىنىڭ،
نۇرلۇق قەبرىسى.

ئارزۇيۇم بارسام،
ئىككى ھەرەمگە.
ئاتا ـ ئانامنى،
ئېلىپ ھەم بىرگە.

دۇئالار قىلسام،
ئاللاھقا يىغلاپ.
ۋەتەن ـ خەلقىمگە،
ئامانلىق سوراپ.

## كۆنۈكمە

1. بۇ شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.
2. يۇقىرىقى شېئىرغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) شېئىرنىڭ ماۋزۇسىدا ئېيتىلغان «ھەرەم» قايسى ـ قايسى ئىككى شەھەرنى كۆرسىتىدۇ؟
(2) كەبە قەيەردە؟
(3) زەمزەم سۈيىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بار؟
(4) پەيغەمبىرىمىزنىڭ قەبرىسى قايسى شەھەردە؟
(5) شائىرنىڭ كىملەرنى ھەرەمگە ئېلىپ بېرىش ئارزۇسى بار؟
(6) شائىر ئىككى ھەرەمگە بارالىسا، قانداق دۇئا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدۇ؟

3. يۇقىرىقى شېئىرغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى بوش ئورۇنلارنى تولدۇرۇپ بېقىڭلار:
(1) مەككىدە _____ نۇر چېچىپ تۇرىدۇ.
(2) سۈپسۈزۈك _____ سۈيى تەنگە شىپالىق ۋە بەرىكەتلىكتۇر.
(3) مەدىنە شەھىرىدە ئىسلام ئۆلگىسى بولغان پەيغەمبىرىمىزنىڭ _____ بار.
(4) ئىككى ھەرەمگە بارسام، ئاللاھقا يىغلاپ تۇرۇپ، _____ ئۈچۈن ئامانلىق سوراپ دۇئا قىلىش ئارزۇيۇم بار.

4. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ شېئىردا قاپىيەلىشىپ كەلگەن سۆزلىرىنى تېپىپ، تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.
مەسىلەن، شەھەر _____ (تەلپۈنەر).
(1) نۇر چېچىپ _____ ( ).
(2) تۇرغان _____ ( ).
(3) ھەم بىرگە _____ ( ).

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) ئايلانماق:

(2) ئاقماق:

(3) تولماق:

6. ئۆزىڭىزنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بېقىڭ.

(1) ئەگەر ئاللاھ تائالا سىزنى مەككىگە بېرىشقا نېسىپ قىلسا، نېمە ئىشلارنى قىلغان بولاتتىڭىز؟

(2) ئەگەر ئاللاھ تائالا سىزنى مەدىنىگە بېرىشقا نېسىپ قىلسا، نېمە ئىشلارنى قىلغان بولاتتىڭىز؟

(3) ئىككى ھەرەمدىكى ۋاقىتلىرىڭىزدا قانداق دۇئالارنى قىلاتتىڭىز؟

(4) ھەرەمدىن ئۆيگە قايتقاندا ئۇرۇق ـ تۇغقان، قېرىنداش ۋە دوستلىرىڭىزغا قانداق سوۋغىلارنى ئېلىپ كېلەتتىڭىز؟

## بىلەمسىز؟

### زەمزەم سۈيى ۋە ئۇنىڭ ھېكايىسى

*** زەمزەم قۇدۇقىنىڭ پەيدا بولۇشى**

ئۇزۇن زامانلار ئىلگىرى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كىشىلەرنى ئىسلامغا دەۋەت قىلدى. لېكىن، شۇ دەۋرنىڭ

پادىشاھى، خەلقى ۋە ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنىڭ ئاتىسى ئۇنىڭغا قاتتىق غەزەپلەنگەنلىكى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامنى باشقا جايغا بېرىشقا بۇيرۇدى.

شۇنىڭ بىلەن، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھاجەر ۋە كىچىككىنە ئوغلى ئىسمائىلنى ئېلىپ، مەككىگە قاراپ يولغا چىقتى. بۇ زاماندا مەككە بىر جاڭگاللىق بولۇپ، نە سۇ، نە ئادەم، نە ئۆي يوق ئىدى.

ئاللاھنىڭ بۇيرۇقى بويىچە، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئايالى ھاجەر ۋە كىچىك ئوغلى ئىسمائىلنى مەككىدە قالدۇرۇپ، ئۆزى قايتماقچى بولدى.

ھاجەر ئانىمىز ئىبراھىم ئەلەيھىسسالامدىن:

— ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! بىزنى ھېچنېمە يوق بۇ جاڭگاللىقتا تاشلاپ قويۇپ نەگە بارىسىز؟! ئەجەبا سىزنى بۇ ئىشقا ئاللاھ بۇيرۇدىمۇ؟ — دەپ سورىغانىدى، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام:

— ھەئە، — دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان ھاجەر ئانىمىز ئاللاھقا شەكسىز ئىشەنگەن ھالدا:

— ئۇنداقتا، ئاللاھ ھەرگىز بىزنى يالغۇز تاشلاپ قويمايدۇ، — دېدى.

ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام كەتكەندىن كېيىن، بوۋاق (يەنى ئىسمائىل ئەلەيھىسسالام) قاتتىق ئۇسساپ كېتىپ، يىغلاشقا باشلىدى. ھاجەر ئانىمىز سۇ ئىزدەپ، سەفا ۋە مەرۋە دېگەن ئىككى كىچىك تاغ ئارىلىقىدا ئۇياقتىن ـ بۇياققا يەتتە قېتىم يۈگۈرۈپ، سۇ ئىزدىگەن بولسىمۇ، ھېچنېمە تاپالمىدى. بۇ ۋاقىتتا، ئاللاھ تائالا ئۇلارغا رەھىم قىلىپ، بىر مۆجىزە ئاتا قىلدى. يەنى، ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ پۇتىنىڭ ئاستىدىن بۇلدۇقلاپ سۇ چىقىشقا باشلىدى.



ھاجەر ئانىمىز سۇنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كەتتى. لېكىن، ھېچقانداق سۇ تېپىلمايدىغان بۇ يەردە، بۇ سۇنىڭمۇ ئېقىپ تۈگەپ كېتىشىدىن ياكى يەرگە سىڭىپ يوقاپ كېتىشىدىن ئەنسىرەپ، ئەتراپىنى توسۇش ئۈچۈن، قايتا-قايتا: «زەم! زەم!» (يەنى «توختا! توختا!») دەپ ۋارقىرىدى. شۇ سەۋەبلىك، بۇ سۇنىڭ ئىسمى «زەمزەم» بولۇپ قالدى. سۇنىڭ ئورنى بولسا «زەمزەم قۇدۇقى» دەپ ئاتالدى. بۇۋاق ئىسمائىل بىلەن ھاجەر ئانىمىز بۇ سۇدىن قانغۇچە ئىچتى ۋە ئاللاھقا چەكسىز ھەمدۇسانا ئېيتتى.

ھەيران قالارلىق يېرى شۇكى، نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى، سان-ساناقسىز كىشىلەر ئۇنى ئىچىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، ئاللاھ تائالانىڭ قۇدرىتى بىلەن، بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيى ھېچقاچان تۈگىمىدى ھەم ئازلاپ قالمىدى. يەنە كېلىپ، ھەر يىلى مەككىگە بارغان مۇسۇلمانلار بۇ سۇنى قېنىپ-قېنىپ ئىچىدۇ، ئۆيلىرىگە ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلىرىغا ئېلىپ كېتىدۇ.

*** زەمزەم سۈيىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى**

زەمزەم سۈيى ئادەتتىكى سۇدىن ئالاھىدە پەرقلىنىدۇ:

1. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام زەمزەم سۈيىنىڭ كىسەللەرگە

شىپا بولىدىغانلىقىنى ئېيتقان.



2. زەمزەم يەر يۈزىدىكى ئەڭ تاتلىق ۋە ياخشى سۇدۇر.
3. نەچچە مىڭ يىللاردىن بېرى، زەمزەم سۈيى تۈگەپ قالمىدى ھەم ئازلاپ قالمىدى.
4. زەمزەم سۈيىنى ئىچكەن كىشىنىڭ قورسىقى تويىدۇ ۋە ئۇسسۇزلۇقى قانىدۇ.
5. ئىچكەن كىشى نىيىتىنى مەقسەت قىلىپ ئىچسە، ئاللاھ تائالا ئارزۇسىغا يەتكۈزىدۇ.

كىچىك دوست، سىز زەمزەم سۈيىنى ئىچىپ باققانمۇ؟




1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* تەلپۈنمەك ـــ چوڭقۇر ئىشتىياق بىلەن ئارزۇ قىلماق؛

كۈچلۈك ئىنتىزار بولماق.

* قەلبى تەلپۈنمەك ــ يۈرەكتىن ئارزۇ قىلماق.

* تاۋاپ ــ كەبىنى ئايلىنىپ تۇرۇپ قىلىنغان ئىبادەت.

* شىپالىق ــ كېسەلگە ياكى يارىلانغانغا پايدىلىق بولىدىغان، ساقايتىدىغان.

* مېھىر ــ چوڭقۇر مۇھەببەت، كۆيۈمچانلىق، ئىللىق مۇئامىلە.

* ئۈلگە ــ كىشىلەرنىڭ ئۈنى دورىشى ۋە ئۇنىڭدىن ئۆگىنىشىگە ئەرزىيدىغان ئادەم ياكى ئىش؛ نەمۇنە، ئۆرنەك.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «زەمزەم سۈيى نېمە مەقسەتتە ئىچىلسە، شۇنىڭغا شىپا بولىدۇ» (ئىبنى ماجە توپلىغان).

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «زەمزەم يەر يۈزىدىكى ئەڭ ياخشى سۇدۇر، ئۇ ئاچلىققا تاماق، كېسەللىككە شىپا بولىدۇ» (تەبەرانى توپلىغان).

# ئاساسىي مەشىق 3

1. تۆۋەندە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ توغرىسىنى تاللاپ، ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

(1) «مۆھەممەد» دېگەن ئىسىمنىڭ مەنىسى ( )

ئا: مېھرىبان، شەپقەتلىك.

ئە: ماختىلىدىغان، مەدھىيەلىنىدىغان.

ب: كۈچلۈك، قۇدرەتلىك.

(2) زەمزەم سۈيى توغرىسىدا تۆۋەندىكى ئېيتىلغانلاردىن قايسىسى توغرا؟ ( )

ئا: شىپالىق ۋە بەرىكەتلىك.

ئە: بۇرۇن بار ئىدى، لېكىن ھازىر تۈگەپ كەتتى.

ب: ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىن ئاقىدۇ.

(3) قەيەرنى ئايلىنىپ تۇرۇپ قىلغان ئىبادەت «تاۋاپ» ھېسابلىنىدۇ؟ ( )

ئا: مەسجىدى نەبەۋىدىكى يېشىل گۈمبەزنى.

ئە: قەشقەردىكى ھېيتگاھ مەسجىدىنى.

ب: كەبىنى.

(4) «سېنى بىزگە پەيغەمبەر،
يولباشچى قىپ ياراتقان،
رەببىمگە مىڭ مەدھىيە،
مېنى ھەققە باشلىغان.»

يۇقىرىقى مىسرالار قايسى شېئىردىن ئېلىنغان؟ ( )

ئا: پەيغەمبىرىم مۇھەممەد.

ئە: ھەرەم سۆيگۈسى.
ب: جېنىم ئانا.
(5) «رەسۇلۇم ئىزى،
نۇر چېچىپ تۇرغان.
مەدىنە شەھرى،
مېھرگە تولغان.»
يۇقىرىقى مىسرالار نېمە مەنىنى ئىپادىلەيدۇ؟ (    )
ئا: مەدىنە شەھىرىدە ناھايىتى چوڭ چىراغلار بار بولۇپ، پۈتۈن شەھەر يوپيورۇق، كېچىسىمۇ خۇددى كۈندۈزدەك ئايدىڭ ھالەتتە تۇرىدۇ، شۇڭا مەدىنىدىكى كىشىلەر پەقەت قاراڭغۇنى كۆرمەيدۇ.
ئە: مەدىنە شەھىرىدىكى كىشىلەر قولىدا چىراغ كۆتۈرۈۋېلىپ، كېچە-كۈندۈز باشقىلارنىڭ يولىنى يورۇتۇپلا يۈرىدۇ.
ب: پەيغەمبىرىمىز مەدىنە شەھىرىدە ياشىغان بولۇپ، ئۇنىڭ ھايات ۋاقتىدا بىزگە ئۆگەتكەن سۈننەتلىرى خۇددى چىراغدەك بىزگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ شەھەرنىڭ ئادەملىرى ناھايىتى مېھرىبان ۋە ئاقكۆڭۈل.
(6) «ئىككى مۇقەددەس شەھەر» تېكىستىدە نېمە مەزمۇن سۆزلەنگەن؟
ئا: ھەرەم بىلەن شەرقىي تۈركىستاندىكى خوتەن شەھىرىنىڭ ئىنتايىن گۈزەل ۋە مۇقەددەس جايلار ئىكەنلىكى، بۇ يەرلەردە چوڭ ئالتۇن كانى بولغانلىقى ئۈچۈن، «ئىككى مۇقەددەس شەھەر» دەپ ئاتالغانلىقى سۆزلەنگەن.
ئە: مەككە بىلەن مەدىنىنىڭ قايسى دۆلەتتە ئىكەنلىكى، بۇ شەھەرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ بۇ ئىككى شەھەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرىدىغانلىقى ۋە بۇ

يەرلەرگە بېرىپ ئىبادەت قىلىشقا ئىلتىجا قىلىشنى ئارزۇ قىلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن.
ب: مەككە بىلەن مەدىنىدە قىلىنىدىغان دۇئالار، ئوقۇلىدىغان نامازلارنىڭ رەكئەت سانلىرى سۆزلەنگەن.
2. ئۆگەنگەن مەزمۇنلارغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى جۈملىلەردە ئېيتىلغان ئىشلارنىڭ ئىسلام دىنىمىزدا مۇھىم ياكى مۇھىم ئەمەسلىكىنى باھالاپ، ھەربىر جۈملىنىڭ ئاخىرىدىكى تىرناققا «مۇھىم» ياكى «مۇھىم ئەمەس» دېگەن سۆزنى تولدۇرۇڭلار.
مەسىلەن، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىسمىنى بىلىشىمىز. (مۇھىم)
مەككە بىلەن مەدىنىدە ياشايدىغان كىشىلەرنىڭ ھەر كۈنى بازارغا چىقىپ، ئۆزى ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشى. (مۇھىم ئەمەس)
مۇسۇلمانلارنىڭ ناماز ئوقۇغاندا يۈزىنى كەبە تەرەپكە قارىتىشى. (                )
• تاقىتى يەتكەن مۇسۇلمانلارنىڭ ھەج قىلىشى. (                )
• مەككە بىلەن مەدىنىدىكى كىشىلەرنىڭ چىرايىنىڭ ئاق ياكى قارا ئىكەنلىكى. (                )
• پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلغان ۋاقىتتا مەككىدە قانداق دۇكانلار بار ئىكەنلىكى. (                )
• پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننەت ۋە ئەخلاقلىرىنى ئۆگىنىش. (                )
• پەيغەمبىرىمىزنىڭ سۈننىتىگە ئەگىشىش. (                )
• مەككە بىلەن مەدىنىدىكى كىشىلەرنىڭ قانداق ماركىلىق تېلېفون ئىشلىتىدىغانلىقى. (                )

• مەككىدە قانچە قەۋەتلىك بىنالارنىڭ بارلىقىنى بىلىش.
(                    )
• ئاتا ـ ئانىمىزغا ھۆرمەت قىلىش ۋە ئۇلارغا ياخشى مۇئامىلە قىلىش. (                    )
• زەمزەم سۈيى چىقىدىغان تۇرۇبىنىڭ چوڭ ياكى كىچىك ئىكەنلىكى، باشقا دۆلەتلەرگە قايسى ماشىنىدا توشۇلىدىغانلىقىنى بىلىش. (                    )
• ئىككى ھەرەمگە بارغاندا ئاللاھ تائالاغا دۇئا قىلىش.
(                    )

3. ئۆگەنگەن بىلىملىرىڭلارغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش تەرتىپى بويىچە رەت نومۇرىنى 1 دىن 5 كىچە يېزىپ چىقىڭلار:
(   ) پەيغەمبىرىمىز مەككىدىن مەدىنىگە ھىجرەت قىلدى.
(   ) پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلدى.
(   ) پەيغەمبىرىمىز تۇغۇلۇشتىن بۇرۇن، ئانىسى ئاجايىپ خاسىيەتلىك بىر چۈش كۆردى.
(   ) پەيغەمبىرىمىز ۋاپات بولدى.
(   ) پەيغەمبىرىمىز ساھابىلەر بىلەن بىرگە «مەسجىدى نەبەۋى»نى قۇرۇپ چىقتى.

4. كۈندىلىك تۇرمۇشۇڭلاردا قىلىۋاتقان پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننەتلىرىدىن بەشنى ئېيتىپ بېرەلەمسىلەر؟
(1) ______________________________.
(2) ______________________________.
(3) ______________________________.
(4) ______________________________.
(5) ______________________________.

5. كاتەكچىلەردىكى ھەرپلەرنى ماس ھالدا تۇتاشتۇرۇپ، تۆۋەندىكى سۆزلەرنى ھاسىل قىلىڭلار:

مۇھەممەد، ۋەتەن، مەككە، مەدىنە، دۇئا، زەمزەم، كەبە، ھەرەم، مۇقەددەس، قىبلە

| | | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ش | ھ | ي | ي | م | ە | ك | ك | ە | ل |
| ك | ە | ب | ە | و | ۇ | ڭ | م | ڭ | ب |
| ۆ | ر | ش | چ | پ | ز | لا | ۇ | لا | ب |
| غ | ە | ب | چ | ۋ | ە | ف | ق | ژ | د |
| ن | م | ۇ | ھ | ە | م | م | ە | د | پ |
| پ | م | ل | ل | ت | ز | ە | د | ۇ | ش |
| ي | م | ك | ر | ە | ە | د | د | ئا | س |
| و | ش | ت | ڭ | ن | م | ى | ە | ۆ | ش |
| م | ە | ك | ك | ە | ژ | ن | س | لا | غ |
| ۋ | ۋ | ق | ى | ب | ل | ە | ژ | ژ | گ |

6. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى كىم ھەم تېز، ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

(1)

ئاسماندا يۈرەر،
ئۇچمايدۇ، لەيلەر.
يىغلىسا يېشى
يەرگە تۆكۈلەر.

(2)

بىر ساپاقتا بولىدۇ،

سان ـ ساناقسىز مېۋىسى.
يېسەك شۇنچە لەززەتلىك،
تىلنى يارار شىرنىسى.

(3)
سۇدا ئۈزگەندە يايرايدۇ تېنى،
سۇدىن ئايرىلسا قالمايدۇ جېنى.

(4)
قانچە تال شام قالدى؟

بىر ئۆيدە ئون تال شام بار بولۇپ، ھەممىسىگە ئوت يېقىلغان ھالەتتە ئىدى. شامال كىرىپ ئىككى تال شامنى ئۆچۈرۈۋەتتى، ئۇزۇن ئۆتمەي يەنە بىر تال شامنىمۇ ئۆچۈرۈۋەتتى. بۇنى كۆرۈپ ئۆي ئىگىسى دېرىزىنى يېپىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن، شام ئۆچمىدى.

قېنى، ئويلاپ بېقىڭ: ئاخىرىدا بۇ ئۆيدە قانچە تال شام قالدى؟

7. «پەيغەمبىرىمدەك بولىمەن» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېقىڭلار.

# 4 ـ بۆلەك



# 12. جەننەتلەردە كۇلەيلى



ياخشىلىقنى سۆيگەنلەر،
ئېرىشىدۇ جەننەتكە.
يامان ئىشقا ئامراقلار،
كۆمۇلىدۇ نەپرەتكە.

شۇڭا ياخشى ئىش قىلىپ،
جەننەتلەردە كۇلەيلى.
يامان ئىشتىن ھەر قاچان،
قولىمىزنى ئۇزەيلى.

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

* سىبىق گۆشنى چىۋىن تاپار،
يامان ئىشنى يامان تاپار.
* ياخشىلىق — يېنىپ تۇرغان چىراغ.
* كىشىگە قىلساڭ يامانلىق،
ساڭا بولماس ئامانلىق.
* ياخشى ياخشىغا تىنچلىق تىلەيدۇ،
يامان ياخشىغا پىچاق بىلەيدۇ.

## كۆنۈكمە

1. يۇقىرىقى شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.
2. يۇقىرىقى «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»نىڭ مەنىسىنى مۇئەللىملىرىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار.
3. تۆۋەندىكى سوئاللارغا ئۆزۈڭلار بىلگىنىڭلار بويىچە جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:
(1) ياخشى كىشىلەر قانداق بولىدۇ؟

(2) يامان كىشىلەر قانداق بولىدۇ؟
(3) قانداق ئىشنى ياخشى ئىش دەيمىز؟
(4) قانداق ئىشنى يامان ئىش دەيمىز؟
(5) نېمە ئۈچۈن ياخشى ئىش قىلىشىمىز كېرەك؟
(6) نېمە ئۈچۈن يامان ئىشلاردىن يىراق تۇرۇشىمىز كېرەك؟
(7) ئادەتتە سىز قىلىدىغان ياخشى ئىشلاردىن بەشنى ئېيتىپ بېرەلەمسىز؟

4. تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قارىمۇقارشى (قارشى مەنىلىك) بولغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار:

| | |
|---|---|
| ياخشىلىق | ئۆچ |
| ئامراق | يىغلىماق |
| جەننەت | يامانلىق |
| كۈلمەك | دوزاخ |

5. ياخشى بالا بولىمەن.

سىز تۇرمۇشتا تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارغا يولۇققاندا، قانداق قىلسىڭىز ياخشى بالا بولغان بولىسىز؟

(1) بىر كۈنى مەكتەپ مەيدانىدا توپ ئويناۋاتقاندا، بىر ساۋاقدىشىم ئېھتىياتسىزلىقتىن مېنىڭ پۇتۇمغا تېپىپ سالدى.

(2) ھېيت كۈنى ھەممىمىز ئاتا-ئانىمىز ئېلىپ بەرگەن ھېيتلىق ئويۇنچۇقلارنى ئويناپ، ناھايىتى خۇشال ئىدۇق. لېكىن، بىر دوستۇمنىڭ دادىسى تۈگەپ كەتكەن بولغاچقا، ھېيتلىق يېڭى كىيىم كىيەلمىگەن ۋە ئويۇنچۇق ئالالمىغان

ئىدى. ئۇ بىزنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنچۇقلىرىمىزغا قاراپ، كۆڭلى يېرىم بولدى.

(3) چۈشلۈك تاماقنى مەكتەپكە ئەكېلىپ يەيتتۇق. تاماق ۋاقتىدا قارىسام بىر دوستۇم تامىقىنى ئۆيىدە ئۇنتۇپ قاپتۇ.

(4) بىر كۈنى ئانام بىر نەرسە سېتىۋېلىش ئۈچۈن، سىرتقا چىقىپ كەتتى. ئانامنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، كىچىك ئىنىم يىغلاشقا باشلىدى.

6. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ، بوش ئورۇنغا تولدۇرۇڭلار:

(ئامانلىق / سېپىق / جەننەتكە / ياخشى / نەپرەتكە)

(1) ياخشىلىقنى سۆيگەنلەر ______ ئېرىشىدۇ.

(2) يامان ئىشقا ئامراقلار ______ كۆمۈلىدۇ.

(3) ______ گۆشنى چىۋىن تاپار.

(4) كىشىگە قىلساڭ يامانلىق،

ساڭا بولماس ______.

(5) ______ ياخشىغا تىنچلىق تىلەيدۇ.

7. يۇقىرىقى شېئىرغا قارىغاندا، ياخشى ئىشنى كۆپ قىلغان مۇسۇلمانلار جەننەتكە كىرىدىكەن. ئۇنداقتا، ئېيتىپ بېقىڭلارچۇ، جەننەت قانداق جاي؟



# بىلىملەر خەزىنىسى



1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* نەپرەت ــ قاتتىق غەزەپلەنمەك، ئۆچ كۆرمەك.

* قول ئۈزمەك ــ بىرەر نەرسە ياكى ئىشتىن ۋاز كەچمەك.

2. تۆۋەندىكى ئايەتلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

* ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلارنى ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرگۈزىمىز، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ» (سۈرە نىسا 57 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

* ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى زەررىچىلىك ياخشى ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ مۇكاپاتىنى كۆرىدۇ[7]. كىمكى زەررىچىلىك يامان ئىش قىلىدىكەن، ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىدۇ[8]» (سۈرە زىلزال 7 ـ ۋە 8 ـ ئايەتلەر).

# 13. ھىيلىگەر تۈلكە بىلەن ئەقىللىق چۈجە



بۇرۇنقى زاماندا، گۈزەل بىر يېزىدا ئوماق بىر چۈجە ياشايدىكەن. ھەر كۈنى ئەتىگىنى سەھەر تۇرۇپ، ئانىسى تەييارلاپ بەرگەن ناشتىلىقنى يەپ، ھويلا ئىچىدە ئۇياندىن ـ بۇيانغا يۈگۈرۈپ، خۇشال ئوينايدىكەن. ئەگەر ھويلىنىڭ سىرتىغا چىقماقچى بولسا، مېكىيان ئانا ئۇنىڭغا: «ئوماق قوزام، ھويلىدىن چىقىپ يىراقلارغا كەتمىگىن. تۈلكىگە ئۇچراپ قالساڭ، ئۇ بەكمۇ ھىيلىگەر ۋە ئالدامچى. سېنى ئالداپ يەۋېتىدۇ» دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن.

يېقىن يەردىكى ئورمانلىقتا ھەقىقەتەن بىر ھىيلىگەر تۈلكە ياشايدىكەن. بىر كۈنى تۈلكىنىڭ قورسىقى ئىنتايىن ئېچىپ، يەيدىغان نەرسە تېپىش ئۈچۈن، بۇ يېزىغا قاراپ مېڭىپتۇ.

يولدا كېتىۋېتىپ، يىراقتىكى بىر ئۆينىڭ سىرتىدا خاتىرجەم ئويناۋاتقان چۈجىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ. ئاغزىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ: «ۋاھ!

نېمىدېگەن ئوماق چۈجە! ئۇنىڭ گۆشى چوقۇم بەك لەززەتلىك. ئۇنىڭغا قانداق يېقىنلىشىپ تۇتۇۋالسام بولار؟» دەپ ئويلاشقا باشلاپتۇ.

تۈلكە بىر ھىيلە ئويلاپ چىقىپتۇ. ئۇ يوپۇرماقلار ۋە يېشىل ئوت ـ چۆپلەرنى بەدىنىگە چاپلاپ، ئۆزىنى دەرەخكە ئوخشىتىپ ياساپ، بارا ـ بارا چۈجىگە يېقىنلىشىپتۇ ۋە: «يېقىن بارغاندا، بىرلا سەكرەپ تۇتۇۋالىمەن!» دەپ ئويلاپتۇ.

زېرەك چۈجە بىر «كىچىك دەرەخ»نىڭ ئۆزىگە يېقىن يەردە تۇرغىنىنى كۆرۈپ: «بۇ دەرەخ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى يوق ئىدىغۇ؟! بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدى؟» دەپ ئويلاپتۇ. ئاندىن سىنچىلاپ قاراپ، يوپۇرماقلار ئارىسىدىن تۈلكىنىڭ قىزغۇچ تۈكلىرى ۋە قۇيرۇقىنى كۆرۈپ قاپتۇ.

«بۇ تۈلكە ئىكەن!» دەپ چۇچۇپ كېتىپتۇ چۈجە ۋە دەرھال قاناتلىرىنى قېقىپ، ئۆيىنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. بۇنى كۆرگەن تۈلكە پۈتۈن كۈچى بىلەن يۈگۈرۈپ، چۈجىگە قاراپ ئېتىلىپتۇ.



تۈلكە ئېتىلغان پېتى يەرگە قولىنى سوزغاندا، چۈجىمۇ بىر قانات قېقىپلا، كىچىك بىر شاخنىڭ ئۈستىگە چىقىۋاپتۇ. تۈلكە يەنە ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلغاندا، تېزلىك بىلەن تۈلكىنىڭ ئۈستىدىنلا سەكرەپ ئۆتۈپ، ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىۋاپتۇ.

تۈلكە ئۈمىدسىزلىنىپ: «ھەي... نېمىدېگەن ئەقىللىق چۈجە بۇ!» دېگىنىچە، قورسىقى ئاچ ھالدا ئورمانغا قايتىپ كېتىپتۇ.

چۈجە ناھايىتى خۇشال ھالدا: «ئاللاھقا شۈكرى، ئانامنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماي تۈلكىگە يەم بولۇپ كەتكىلى تاس قالدىم» دەپ، ئانىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ، بولغان ئەھۋالنى ئانىسىغا سۆزلەپ بېرىپتۇ.

## ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن

* ئەقىل ياشتا ئەمەس، باشتا.
* ھىيلىگەر تۈلكىنىڭ قۇيرۇقى گۇۋاھ.
* تۈلكە كېلەرمىش ئېھتىيات قىل، يولۋاس كېلەرمىش جۈرئەت قىل.



## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ھالدا ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇڭلار.

2. يۇقىرىقى «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»نىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار.
3. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.
4. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:
(1) چۈجىنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا نېمە دەپ نەسىھەت قىلاتتى؟
(2) تۈلكە نېمە ئۈچۈن يېزىغا قاراپ ماڭدى؟
(3) چۈجە ئۆيىنىڭ سىرتىدا خاتىرجەم ئويناۋاتقاندا، ئۇنى كۆرگەن تۈلكە قانداق ئويلىدى؟
(4) تۈلكە چۈجىنى تۇتۇش ئۈچۈن قانداق ھىيلە ئىشلەتتى؟
(5) چۈجە تۈلكىنى قانداق تونۇۋالدى؟
(6) چۈجە تۈلكىدىن قانداق قۇتۇلۇپ قالدى؟
(7) چۈجە تۈلكىدىن قۇتۇلغاندا نېمە دېدى؟
5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:
(1) خۇشال ئوينىماق:

(2) ئالدىماق:

(3) ئېتىلماق:

(4) سىنچىلاپ قارىماق:

(5) تاس قالماق:

6. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەردىن مۇۋاپىقىنى تاللاپ، بوش ئورۇنغا تولدۇرۇڭلار:

(ھىيلىگەر / قۇيرۇقىنى / چۈجە / ئەقىللىق / يوپۇرماقلار)

بۇرۇنقى زاماندا، گۈزەل بىر يېزىدا ئوماق بىر ______ ياشايدىكەن. ئۇنىڭ ئانىسى: «يىراقلارغا كەتمىگىن. تۈلكىگە ئۇچراپ قالساڭ، ئۇ بەكمۇ ______ ۋە ئالدامچى» دەپ نەسىھەت قىلىدىكەن. تۈلكە ______ ۋە يېشىل ئوت-چۆپلەرنى چاپلاپ، ئۆزىنى دەرەخكە ئوخشىتىپتۇ. زېرەك چۈجە تۈلكىنىڭ ______ كۆرۈپ قاپتۇ ۋە دەرھال ئۆيگە قاراپ قېچىپتۇ. تۈلكە ئۈمىدسىزلىنىپ: «ھەي... نېمىدېگەن ______ چۈجە بۇ!» دېگىنىچە، ئورمانغا قايتىپ كېتىپتۇ.

7. يۇقىرىقى تېكىستكە ئاساسەن، ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش تەرتىپى بويىچە رەت نومۇرىنى 1 دىن 5 كىچە يېزىپ چىقىڭلار:

( ) تۈلكە ئۆزىنى دەرەخكە ئوخشىتىۋاپتۇ.

( ) تۈلكە خاتىرجەم ئويناۋاتقان چۈجىنى كۆرۈپ، ئىنتايىن خۇشال بولۇپ كېتىپتۇ.

( ) چۈجە ئۆيگە كىرىۋاپتۇ.

( ) چۈجە ئەگەر ھويلىنىڭ سىرتىغا چىقماقچى بولسا، مېكىيان ئانا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىدىكەن.

( ) چۈجە تۈلكىنى تونۇپ قاپتۇ.

8. تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى.

(1) ئەگەر چۈجە تۈلكىنى تونۇيالماي، بۇ «كىچىك دەرەخ»كە سەل قارىغان بولسا، نېمە ئىش يۈز بەرگەن بولاتتى؟

(2) سىزنىڭچە تۈلكە يەنە كېلەمدۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

(3) سىزنىڭچە چۈجە بۇنىڭدىن كېيىن قانداق قىلىدۇ؟

9. ئويلىنىپ باقايلى.

(1) نېمە ئۈچۈن ئاتا-ئانىمىزنىڭ سۆزىنى ئاڭلىشىمىز كېرەك؟

(2) تېكىستتىكى چۈجە ناھايىتى ئەقىللىق ۋە زېرەك بولغاچقا، ئۆزىگە يېقىن يەردە تۇرغان «كىچىك دەرەخ»نىڭ نەچچە ۋاقىتتىن بېرى بۇ يەردە يوق ئىكەنلىكىنى ئويلىدى. ئاندىن سىنچىلاپ قاراپ، تۈلكىنى تونۇپ قالدى ـ دە، دەرھال ئۆيىنىڭ ئىچىگە قاراپ يۈگۈردى. سىزمۇ ئادەتتە كوچىلاردا سىز تونۇمايدىغان ناچار ۋە ئەسكى ئادەملەرنىڭ سىزگە ئەگىشىۋاتقان ياكى ئەگەشمىگەنلىكىگە ۋە ياكى سىزنى ئالدىماقچى بولغانلىقىغا دىققەت قىلامسىز؟ مۇشۇنداق ئەھۋالغا ئۇچراپ قالسىڭىز قانداق قىلىسىز؟

(3) ھېكايىنىڭ ئاخىرىدا چۈجە تۈلكىدىن قۇتۇلغاندىن كېيىن: «ئاللاھقا شۈكرى» دېدى. سىزچە، بىز قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلغاندا ياكى بىرەر ياخشىلىققا ئېرىشكەندە، نېمە ئۈچۈن ئاللاھقا شۈكرى ئېيتىشىمىز ۋە «ئەلھەمدۇلىللاھ» دېيىشىمىز كېرەك؟




1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* ھىيلىگەر ــ قۇۋ، باشقىلارنى ئالداشقا ۋە گوللاشقا ئۇستا.

*شۈلگەي ــ ئىنسان ياكى ھايۋاننىڭ ئاغزىدىن چىقىدىغان سۈيۈقلۇق.

*زېرەك ــ مەسىلىلەرنى تېز چۈشىنىپ، توغرا ھەل قىلالايدىغان؛ ئەقىللىق، ھوشيار.

* سىنچىلاپ قارىماق ــ دىققەت بىلەن كۆزەتمەك، ئىنچىكە تەكشۈرۈپ قارىماق.

* چۆچۈپ كەتمەك ــ ① تۇيۇقسىز قورقۇپ كەتمەك: تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئەھۋالدىن قانداق قىلىشنى بىلەلمەسلىك.

* ئېتىلماق ــ ① تۇيۇقسىز ۋە تېز ھەرىكەت قىلىپ، بىر يەرگە سەكرىمەك، ئۆزىنى ئاتماق؛ ② ھۇجۇم قىلماق.

* ئۈمىدسىزلەنمەك ــ بىرەر كىشىگە ياكى ئىشقا بولغان ئۈمىدىنى ۋە ئىشەنچىسىنى يوقاتماق، ئۈمىدىنى ئۈزمەك.

* جۈرئەت ــ بىرەر ئىشنى قىلىشقا بولغان غەيرەت، باتۇرلۇق ۋە جاسارەت.

2. تۆۋەندىكى ئايەت ۋە ھېكمەتلىك سۆزنى جانلىق ئوقۇڭلار ھەمدە مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

* ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ئى مۇئمىنلەر! (دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) ھوشيار ۋە ئېھتىياتچان بولۇڭلار» (سۈرە نىسا 71 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

* ھەرقانداق ئىشتا بىخۇدلۇق قىلماي، ئېھتىيات قىلغىن. بىلگىنكى، ئۆزگە ئىشەنگەن كىشى بىخۇدلۇق قىلىدۇ؛ دۈشمەن كەلسە، ئەڭ ئاۋۋال بىخۇدلار ئۆلىدۇ.

ــ يۈسۈپ خاس ھاجىپ

# 14. مېنىڭ كەپسىز ئۇكام



مېنىڭ ئۇكام ئالىمجان بەك ئوماق، قىلىقلىرى تاتلىق بولسىمۇ، لېكىن بەك كەپسىز. مەن ھەر كۈنى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە، ئۇ دائىم مېنىڭ ياتاق ئۆيۈمگە كىرىۋالىدۇ. مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەي دېسەم، ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن-بۇياققا يۈگۈرۈپ، مېنىڭ قەلەم-دەپتەرلىرىمنى تالىشىپ، ياتاق ئۆيۈمنى بەك قالايمىقان قىلىۋېتىدۇ. دەرسلىك كىتابلىرىمغا قالايمىقان جىجىپ، ھەممە يەرگە چېچىۋېتىدۇ.

— ئالىمجان، تاتلىق ئۇكام، مەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىمەن، بىردەم ئاۋۇ ئۆيدە ئويناپ تۇرۇڭ، — دېسەممۇ، ئۇ ماڭا ئامراق بولغانلىقى ئۇچۇن:

— ياق، سىز بىلەن بىرگە ئوينايمەن! — دەپ تۇرۇۋالدۇ.

بىر كۈنى، مەن تىل-ئەدەبىيات دەرسىنىڭ تاپشۇرۇقىنى ئىشلەۋاتاتتىم. ئالىمجان يەنە مېنىڭ ئۆيۈمگە كىرىپ كەپسىزلىك قىلىشقا باشلىدى. مەن:

— ئالىمجان، بىردەم ئاۋۇ ئۆيدە ئويناپ تۇرۇڭ! مەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىمەن! — دېدىم.

— ئاچا، قاراڭ! بۈگۈن مەن ماۋۇ رەسىمنى سىزدىم، — دەپ، ئۇ مېنىڭ رەسىم دەپتىرىمگە سىزغان رەسىمنى كۆرسەتتى. بۇنى كۆرۈپ مەن ئىنتايىن تېرىكىپ كەتتىم.

— نېمىشقا مېنىڭ دەپتىرىمگە سىزدىڭىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ دەپتىرىگە سىزسىڭىز بولمامدۇ؟! — دەپ ۋارقىرىغانچە، ئۇنىڭ قولىدىكى دەپتەرنى سىلكىپ تارتىۋالدىم. ئالىمجان يىغلاپ كەتتى ۋە ئاپامنىڭ يېنىغا چىقىپ:

— ئاچام ماڭا خاپا بولۇپ، دەپتەرنى تارتىۋالدى، — دېدى. ئانام مېنىڭ يېنىمغا كىرىپ:

— ئايگۈل، ئۇكىڭىزغا قوپاللىق قىلىپ ياخشى قىلماپسىز. ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا. ئۇ سىزگە ئامراق بولغاچقا، سىز بىلەن ئويناشقا، قىلغان ئىشلىرىنى سىزگە كۆرسىتىشكە ئامراق، — دېدى.

مەن ئۇنىڭ يىغلىغان چىرايىنى كۆرۈپ، ئۆزۈمنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم بولدى. شۇنىڭ بىلەن، سومكامدىن باشقا بىر دەپتەر بىلەن قەلەمنى بېرىپ:

— ماشائاللاھ ئۇكام، بۇ رەسىمنى بەك چىرايلىق سىزىپسىز. ئەمدى ماۋۇ دەپتەردىكى رەسىملەرنى سىزىپ،

ئىزلاپ يازىدىغان خەتلەرنى چىرايلىق قىلىپ يازغاچ تۇرۇۋۇڭ. مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولۇپ، ئاندىن ئىككىمىز بىللە ئويناپلى، بولامدۇ؟ بۈگۈن مەن تاپشۇرۇقلىرىمنى ئىشلەپ بولالمىسام، ئەتە مۇئەللىم ماڭا: «نېمىشقا تاپشۇرۇق ئىشلىمىدىڭىز، ھە؟» دەپ خاپا بولىدۇ، — دېدىم ئەركىلىتىپ تۇرۇپ. ئالىمجان بۇنى كۆرۈپ، خۇشال بولغان ھالدا ياتاق ئۆيۈمدىن چىقىپ كەتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن، مەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقاندا، ئۇكامنىڭ مېنى ئاۋارە قىلماسلىقىنى، چاچقان نەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇشنى بارا-بارا ئۆگەتتىم.

ئۇكام ئالىمجان سەل كەپسىز بولسىمۇ، كۈلكىسى ۋە مەن بىلەن بىللە ئوينىغان ۋاقىتتىكى قىلىقلىرى بەك ئوماق. مەن ئۇنىڭ تېزرەك چوڭ بولۇپ، مەن بىلەن بىرگە مەكتەپكە بېرىشىنى ۋە تاپشۇرۇقلىرىنى مەن بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئىشلىشىنى بەك ئارزۇ قىلىمەن!

## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ھالدا ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇڭلار.
2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.
3. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) ئالىمجان قانداقراق بالا؟

(2) ئايگۈل نېمە ئىش قىلىۋاتقاندا ئۇكىسى ئاۋارە قىلىدۇ؟

(3) ئايگۇل: «تاتلىق ئوكام، مەن تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتىمەن، بىردەم ئاۋۇ ئۆيدە ئويناپ تۇرۇڭ» دېسىمۇ، ئوكىسى نېمىشقا ئۇنىمايدۇ؟
(4) ئايگۇل نېمە ئۈچۈن ئوكىسىغا خاپا بولدى؟
(5) ئايگۇلنىڭ ئانىسى ئۇنىڭغا نېمە دەپ نەسىھەت قىلدى؟
(6) ئايگۇل ئوكىسىنىڭ يىغلىغان چىرايىنى كۆرۈپ، ئۇنى ئەركىلىتىپ تۇرۇپ نېمە دېدى؟
(7) ئايگۇلنىڭ ئارزۇسى نېمە؟

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:
(1) تالاشماق:

(2) قالايمىقان:

(3) ۋارقىرىماق:

(4) كۆڭلى يېرىم بولماق:

(5) يىغىشتۇرماق:

5. تۆۋەندىكى ئىككى تەرەپتىكى سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا قارىمۇقارشى (قارشى مەنىلىك) بولغانلىرىنى تۇتاشتۇرۇڭلار:

| | |
|---|---|
| كىرمەك | رەتلىك |
| قالايمىقان | كۈلمەك |
| چاچماق | چىقماق |
| يىغلىماق | گەپ ئاڭلايدىغان |
| كەپسىز | يىغماق |

6. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى رەتلەپ، راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ بېقىڭلار:

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| قىلمىۋېتىمدۇ | ئۆيۈمنى | ئۇ | ياتاق | قالايمىقان |

______________________________

______________ .

| | | | |
|---|---|---|---|
| ئۇكامغا | خاپا | مەن | بولدۇم |

______________________________ .

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| ئۇكام | بولسىمۇ | كەپسىز | بەك | تاتلىق | قىلمىقلىرى |

______________________________

______________ .

7. ئېيتىپ بېرىشنى خالامسىز؟

(1) سىزنىڭمۇ ئۇكىڭىز ياكى سىڭلىڭىز بارمۇ؟ ئۇمۇ ئالىمجانغا ئوخشاش كەپسىزلىك قىلامدۇ؟ ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتەمسىلەر ياكى دائىم ئۇرۇشۇپ قالامسىلەر؟ نېمە ئۈچۈن؟

(2) سىز ئۇكىڭىز ياكى سىڭلىڭىزنىڭ قانداق ئىشلىرىغا ياردەم قىلىسىز؟ ئۇ سىزنىڭ قانداق ئىشلىرىڭىزغا ياردەم قىلىدۇ؟

(3) ئەگەر ئۇكىڭىز ياكى سىڭلىڭىز سىزنىڭ نەرسىلىرىڭىزنى چىچىۋەتسە ياكى يوقىتىۋەتسە ۋە ياكى بۇزۇپ قويسا، سىز قانداق قىلىسىز؟

8. تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى.

(1) ئەگەر ئايگۈلنىڭ ئانىسى ئۆيگە كىرمىگەن بولسا، قانداق ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن ئىدى؟

(2) ئەگەر ئايگۈل دائىم ئۆكىسىغا خاپا بولغان بولسا ۋە ياتاق ئۆيىگە كىرگۈزمىگەن بولسا، قانداق ئىش بولغان بولاتتى؟

(3) ئەگەر ئالىمجان چوڭ بولۇپ مەكتەپكە بارسا، ئاچىسى ئۇنىڭغا قانداق ياردەملەرنى قىلالايدۇ؟

(4) ئەگەر بۇ ئۆيدە ئالىمجان بولمىغان بولسا ۋە ئايگۈل يالغۇز ياشىغان بولسا، ئايگۈلنىڭ كۈنلىرى قانداق ئۆتكەن بولاتتى؟




1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* كەپسىز — گەپ ئاڭلىمايدىغان؛ ئەدەپ-قائىدىگە بويسۇنماي، ئۆزى خالىغانچە قىلىقلارنى قىلىپ يۈرىدىغان.

* ئاۋارە قىلماق — بىر كىشىنىڭ خاتىرجەم ھالىتىنى بۇزماق، قىلىۋاتقان ئىشىنى داۋاملاشتۇرۇشىغا توسقۇنلۇق قىلماق.

* يىغىشتۇرماق — چېچىلىپ ياكى قالايمىقان ھالەتتە

تۇرغان نەرسىلەرنى تويلاپ، رەتلەپ قويماق.

* ئارزۇ قىلماق ــ بىر نەرسىنىڭ بولۇشىنى، بىر ئىشنىڭ ئەمەلگە ئېشىشىنى قەلبىدىن ئۈمىد قىلماق، يۈرەكتىن خالىماق.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسنىڭ مەنىسىنى مۆئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «چېلىشقاندا يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان ئادەم ھەقىقىي باتۇردۇر» (بۇخارى توپلىغان).

# 15. مېنىڭ ئۇكام



ئۇكام بولدى بەش ئايلىق،
ئۆمىلەيدۇ، ماڭمايدۇ.
ئۇكام كىردى بىر ياشقا،
تەمتەم مېڭىپ ھارمايدۇ.

ئۇكام كىردى ئۈچ ياشقا،
كۈندە چۆچەك ئاڭلايدۇ.
ئۇكام كىردى تۆت ياشقا،
شېئىر-قوشاق يادلايدۇ.

ئۇكام كىردى بەش ياشقا،
رەسىم سىزىپ قانمايدۇ.
ئۇكام كىردى ئالتىگە،
ئەمدى دەرس ئاڭلايدۇ.

## كۆنۈكمە

1. يۇقىرىقى شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

2. شېئىردا بېرىلگەن مەزمۇنغا ئاساسەن، تۆۋەندىكى جەدۋەلنى تولدۇرۇپ بېقىڭلار

| ياش | ھەرىكىتى |
|---|---|
| 5 ئايلىق | |
| | ئەمتەم مېڭىپ ھارمايدۇ. |
| ئۈچ ياش | |
| | شېئىر-قوشاق يادلايدۇ. |
| بەش ياش | |
| | مەكتەپكە بېرىپ دەرس ئاڭلايدۇ. |

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:
(1) ئۆمىلىمەك:

(2) ئاڭلىماق:

(3) يادلىماق:

4. يۇقىرىقى شېئىردىكى ئۇكىنىڭ كىچىكتىن چوڭغا بولغان ياش تەرتىپىگە ئاساسەن، تىرناقنىڭ ئىچىگە 1 دىن 6 گىچە يېزىپ چىقىڭلار:
( ) تەمتەم ئېتىپ مېڭىش (ئايىغى چىقىش)
( ) مەكتەپتە ئوقۇش
( ) چۆچەك ئاڭلاش
( ) ئۆمىلەش
( ) شېئىر-قوشاق يادلاش
( ) رەسىم سىزىش

5. ئېيتىپ بېرىشنى خالامسىز؟
(1) ئىنىڭىز ياكى سىڭلىڭىز ئادەتتە نېمە ئىشلارنى قىلىدۇ؟ سىز ئۇنىڭ قايسى ئىشلىرىغا ئامراق؟
(2) سىز ئۆزىڭىزنىڭ ھازىرقى يېشىڭىزنى ياخشى كۆرەمسىز ياكى كىچىك ۋاقتىڭىزغا قايتقۇڭىز بارمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟
(3) سىزنىڭچە ئىككى ياشتىن تۆت ياشقىچە ئارىلىقتىكى كىچىك بالا بولغان ياخشىمۇ ياكى ھازىرقى يېشىڭىزدىكى بالا بولغان ياخشىمۇ؟
(4) ئەگەر سىزنىڭ خالىغان ياشتا بولالايدىغان ئىقتىدارىڭىز

بولغان بولسا، قانچە ياشتا بولغۇڭىز بار؟ نېمە ئۈچۈن؟

6. تۆۋەندىكى تېپىشماقلارنى كىم ھەم تېز، ھەم توغرا تاپالايدۇ؟

(1) قولى بار، بارماقلىرى بار، ئەمما جېنى يوق. ئۇ نېمە؟

(2) كېچىسى ھېچكىم چاقىرمىسىمۇ چىقىۋالىدۇ، كۈندۈزى ھېچكىم ئوغرىلىمىسىمۇ يوقاپ كېتىدۇ. ئۇ نېمە؟

(3) مۇسابىقىدە يۈگۈرۈۋېتىپ، ئىككىنچى ئورۇندىكى كىشىدىن ئۆتۈپ كەتسىڭىز، قانچىنچى بولىسىز؟

(4) ئېيتقاندا «پ»غا يېقىن،
يازغاندا «ق»غا يېقىن،
قايسى ھەرپ تېز تاپقىن.

(5) «ئوڭ»دا بار، «سول»دا يوق.
«توڭ»دا بار، «مۇز»دا يوق.

## بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* تەمتەم ماڭماق ــ ئەسلىدە «تەمتىلەپ ماڭماق» دېگەن سۆز بولۇپ، يۇقىرىقى تېكىستتە باللار شېئىرى تىلىغا ماسلاشتۇرۇش ئۈچۈن، شۇنداق قوللىنىلغان.

ئۇياق ـ بۇياققا چايقىلىپ، ئاستا ـ ئاستا ماشماق، دېگەن مەنىدە.

* قانماق ـــ موھتاج بولغان بىر نەرسىگە تويغاندىن كېيىن قانائەتلەنمەك، رازى بولماق.

2. تۆۋەندىكى ئايەتنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.

* ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن[1]. ئۇ ئىنساننى لەختە قاندىن ياراتتى[2]. ئوقۇغىن، پەرۋەردىگارىڭ ئەڭ كەرەملىكتۇر[3]. ئۇ قەلەم بىلەن (خەت يېزىشنى) ئۆگەتتى[4]. ئىنسانغا بىلمىگەن نەرسىلەرنى بىلدۈردى[5]» (سۈرە ئەلەق 1 ـ ئايەتتىن 5 ـ ئايەتكىچە).

# 4 ئاساسىي مەشىق

1. تۆۋەندە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ توغرىسىنى تاللاپ، ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

(1) «جەننەتلەردە كۈلەيلى» ناملىق شېئىر بىزنى نېمە قىلىشقا چاقىرىدۇ؟ (   )

ئا: دائىم كۈلۈپ يۈرۈشكە.

ئە: ياخشى ئىش قىلىپ، يامان ئىشتىن يىراق تۇرۇشقا.

ب: باشقىلارنىڭ ياخشى-يامان ھېچقانداق ئىشىغا ئارىلاشماي، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىنى ياخشى قىلىشقا.

(2) زىرەك چۈجە تۈلكىنى قانداق تونۇپ قالدى؟ (   )

ئا: تۈلكىنىڭ پۇرىقىنى پۇراپ.

ئە: تۈلكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ.

ب: تۈلكىنىڭ قىزغۇچ تۈكلىرى ۋە قۇيرۇقىنى كۆرۈپ.

(3) «ھىيلىگەر تۈلكە بىلەن ئەقىللىق چۈجە» ناملىق تېكىستتە نېمە مەزمۇن ئىپادىلەنگەن؟ (   )

ئا: ئاتا-ئانىنىڭ نەسىھەتىنى ياخشى ئاڭلاش، دۈشمەنلەرنىڭ ھىيلە-مىكىرلىرىگە ھوشيار بولۇش ۋە ئالدانماسلىق كېرەكلىكى ئىپادىلەنگەن.

ئە: تۇرمۇشتا چوقۇم تۈلكىدەك ھىيلىگەر بولماسلىق ۋە ئاجىز كىشىلەرنى بوزەك قىلماسلىق ئاچ قالدىغانلىقىمىز ئىپادىلەنگەن.

ب: چۈجە بۇ قېتىم قۇتۇلۇپ قالغىنى بىلەن، كېيىنكى

قېتىم چوقۇم بۆرىگە يەم بولۇپ كېتىدىغانلىقى ئىپادىلەنگەن.

(4) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن قايسىسى توغرا؟ (         )

ئا: «مېنىڭ كەپسىز ئۈكام» ناملىق تېكىستتە، ئاللاھ تائالا زۇلھايانىڭ دۇئاسىنى ئىجابەت قىلغانلىقى سۆزلەنگەن.

ئە: «مېنىڭ ئۈكام» ناملىق شېئىردىكى ئۈكا ئۈچ ياش ۋاقتىدىلا مەكتەپكە بېرىپ، شېئىر-قوشاق يادلىغان.

ب: «ئى مۇئمىنلەر! (دۈشمەنلەرنىڭ يامانلىقلىرىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن) ھوشيار ۋە ئېھتىياتچان بولۇڭلار» دېگەن جۈملە بولسا، قۇرئان كەرىمدىكى بىر ئايەتتۇر.

(5) تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئىچىدە قايسىسى خاتا؟ (         )

ئا: قول ئۈزمەك ــ قولىنى كېسىۋەتمەك.

ئە: ھىيلىگەر ــ قۇۋ، باشقىلارنى ئالداشقا ۋە گوللاشقا ئۇستا.

ب: كەپسىز ــ گەپ ئاڭلىمايدىغان.

(6) ئالىمجان نېمە قىلغاندا، ئاچىسى ئايگۈل خاپا بولدى؟ (     )

ئا: ئالىمجان ئۆيدە يىغلىغاندا.

ئە: ئالىمجان ئاچىسىنىڭ دەپتىرىگە رەسىم سىزغاندا.

ب: ئالىمجان تەمتەم مېڭىپ ئويناۋاتقاندا.

(7) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن قايسىسى مېكىيان ئانا ئېيتقان سۆز؟ (     )

ئا: ئوماق قوزام، ھويلىدىن چىقىپ يىراقلارغا كەتمىگىن.

ئە: ئاچام ماڭا خاپا بولۇپ، دەپتەرنى تارتىۋالدى.

ب: يېقىن بارغاندا، بىرلا سەكرەپ تۇتىۋالىمەن!

2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «✓» بەلگىسى، خاتاسىغا «✕» بەلگىسى

قويۇڭلار.
(1) دائىم يامان ئىش قىلىپ يۈرىدىغان ئادەمنى ھېچكىم ياخشى كۆرمەيدۇ. (     )
(2) تۇلكە چۈجە بىلەن دوست بولماقچى بولغان. (     )
(3) تۇلكە ئۆزىنى تاشقا ئوخشىتىۋالغان. (     )
(4) تۇلكە چۈجىنى تۇتالمىغاندىن كېيىن، ئۈمىدسىزلىنىپ ئورمانغا قايتىپ كەتكەن. (     )
(5) ئايگۈل ئۈكىسىغا خاپا بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يىغلىغان چىرايىنى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى يېرىم بولغان. (     )
(6) «تەمتەم ماڭماق» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى «تېز ماڭماق» دېگەنلىكتۇر. (     )
(7) ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار ئاستىدىن ئۆستەڭلەر ئېقىپ تۇرىدىغان جەننەتلەرگە كىرىدۇ، ئۇلار جەننەتلەردە مەڭگۈ قالىدۇ. (     )
(8) «ئۇكام كىردى بەش ياشقا،
رەسىم سىزىپ قانمايدۇ.»
دېگەن مىسرالار «دورىماڭلار» ناملىق شېئىردىن ئېلىنغان. (     )
(9) «چېلىشقاندا يەڭگەن باتۇر ئەمەس، ئاچچىقى كەلگەندە ئۆزىنى بېسىۋالغان ئادەم ھەقىقىي باتۇردۇر» دېگەن جۈملە بولسا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسىدۇر. (     )
(10) «ياخشىلىق — يېنىپ تۇرغان چىراغ» دېگەن ماقالىنىڭ مەنىسى، چىراغ خۇددى يورۇقلۇق تارقاتقانغا ئوخشاش، ياخشىلىقمۇ ئىنسانلارغا تارقىلىپ، جەمئىيەتتە نۇرغۇن ئېسىل ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىدۇ. شۇنداقلا، چىراغ قاراڭغۇلۇقتا كىشىلەرگە يولنى كۆرسىتىپ بەرگەنگە

ئوخشاش، ياخشىلىقمۇ نېمە قىلىشنى بىلەلمىگەن نۇرغۇن كىشىلەرگە توغرا يولنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ، كىشىلەرنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىدۇ، دېگەنلىكتۇر. (　　)

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى يېزىپ بېقىڭلار ۋە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

قول ئۈزمەك — ______

______.

ئۈمىدسىزلەنمەك — ______

______.

ئاۋارە قىلماق — ______

______.

ئارزۇ قىلماق — ______

______.

4. بېرىلگەن تىرناقتا مۇۋاپىق سۆزلەرنى تولدۇرۇپ بېقىڭلار.

تېز — ( مېڭىش ) ، (　　) ، (　　) ، (　　)

كۈلۈش — ( جەننەتتە ) ، (　　) ، (　　) ، (　　)

5. نېمىلەرنى ئۆگىنىۋالدىڭلار؟

• «جەننەتلەردە كۈلەيلى» دېگەن شېئىردىن مەن ______

______

______________ ئۆگىنىۋالدىم.

• «ھىيلىگەر تۈلكە بىلەن ئەقىللىق چۈجە» دېگەن ھېكايىدىن مەن ______________ ئۆگىنىۋالدىم.

• «مېنىڭ كەپسىز ئۆكام» دېگەن ھېكايىدىن مەن ______________ ئۆگىنىۋالدىم.

• «مېنىڭ ئۆكام» دېگەن شېئىردىن مەن ______________ ئۆگىنىۋالدىم.

6. بېرىلگەن رەسىمگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:





(1) ئوڭ تەرەپتىكى رەسىمدە ئىككى كىشى نېمە قىلىۋاتىدۇ؟ سول تەرەپتىكى رەسىمدىچۇ؟ بۇ رەسىم بىزگە نېمە مەنىنى ئىپادىلىمەكچى؟

______________

______________

______________ .

(2) بۇ ئىككى پارچە رەسىمدە قانداق ئوخشاشلىقلار ۋە قانداق پەرقلەر بار؟

______________________________

______________________________.

(3) دوستلار ياكى ئۇرۇق-تۇغقانلار ئارىسىدا قانداق قىلسا، بىر-بىرىگە ياردەم قىلغان بولىدۇ؟

______________________________

______________________________

______________________________.

(4) ئەگەر سىز باشقىلارغا ياردەم قىلغاندا، ئۇلار سىزگە رەھمەت ئېيتمىسا، قانداق ھېس قىلىسىز؟ سىز داۋاملىق ئۇنىڭغا ياردەم قىلامسىز؟ نېمىشقا؟

______________________________

______________________________.

(5) سول تەرەپتىكى رەسىمدە ئۇچەيلەن ھەمكارلىشىپ، بىر قېرىندىشىغا ياردەم قىلىۋېتىپتۇ. سىزنىڭچە، ئەگەر ئۈچ كىشى بولماي، پەقەت بىر كىشىلا قولىنى تارتقان بولسا، تېخىمۇ ئاسان بولامتى ياكى تەس بولامتى؟ سىز بۇنىڭدىن نېمىنى بىلىۋالدىڭىز؟

______________________________

______________________________

______________________________.

7. «مېنىڭ ئۇكام/سىڭلىم/ئاكام/ئاچام» (تۆتىدىن خالىغان بىرىنى تاللىسىڭىز بولىدۇ) دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېقىڭلار.

# 5 ـ بۆلەك



# 16. بۈركۈت بىلەن قويىنىڭ دوستلۇقى



ناھايىتى باتۇر بىر بۈركۈت ھەر كۈنى كەڭرى ئاسماندا ئەركىن ئۇچۇپ، ئېگىز تاغلاردىن ئۆتۈپ، تولىمۇ خاتىرجەم ياشايدىكەن. ئۇ بىر كۈنى يايلاقتا ئوتلاۋاتقان بىر توپ قويلارنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۈشۈپ:

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قېرىنداشلار! ياخشى تۇردۇڭلارمۇ؟ — دەپتۇ. قويلارمۇ:

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئاللاھقا شۈكرى، — دەپ جاۋاب قايتۇرۇپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۈركۈت بۇ قويلارنىڭ تولىمۇ سەمىمىي ۋە ئاقكۆڭۈل دوستلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، بۇلار

بىلەن ياخشى سىرداشلاردىن بولۇپ قاپتۇ.
بۇركۇت ھەر كۈنى تاغلاردىن ئۇچۇپ ئۆتۈپ، قويلارنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئۇلار بىلەن مۇڭدىشىپ كېتىدىكەن. شۇنىڭ بىلەن، ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى دوستلۇق مۇناسىۋىتىمۇ كۈندىن ـ كۈنگە چوڭقۇرلىشىپتۇ.
بىر كۈنى قاتتىق قار يېغىپ كېتىپتۇ. بورانمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ئىكەن. شۇنداقتىمۇ بۇركۇت دوستلىرى بىلەن مۇڭدىشىش ئۈچۈن، قار ۋە كۈچلۈك بورانغا قارىماي، قويلار ئوتلايدىغان يايلاققا قاراپ ئۇچۇپتۇ. كېلىپ قارىسا، باشقا قويلار ئاللىبۇرۇن كېتىپ قالغان، لېكىن ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن بىر دوستى باشقا قويلاردىن ئايرىلىپ قېلىپ، ئاپئاق قارنىڭ ئىچىدە، يولنى تاپالماي ئېزىپ قاپتۇ. قوي ئىنتايىن قورققان ھالدا:
— مە... مە...، دوستۇم بۇركۇ...ت، قەيەردىسەن؟ ماڭا ياردەم قىلغىن! مە...! — دەپ مەرەپ تۇرغۇدەك. بۇركۇت دوستىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا ئۇچۇپ كەپتۇ ۋە:
— قورقما دوستۇم! مەن سېنى ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ قوياي. ماڭا ئەگەشكىن! — دەپ، ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپتۇ.
بۇركۇت ئاستا ئۇچۇپ، قويغا يول باشلاپتۇ. ئۇلار بىللە مېڭىۋاتقاندا، بىر ئاچ بۆرىگە دۇچ كېلىپ قاپتۇ. بۆرە قوينى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولغان ھالدا: «ۋاھ! بۈگۈن ئاچ قالغان ئىدىم. مانا تاماقمۇ ئالدىمغىلا كەپتۇ!» دەپ خۇشال بولغانچە، قويغا قاراپ ئېتىلىپتۇ. بۆرىنى كۆرگەن قوي قورققىنىدىن قاتتىق مەرەپتۇ ۋە قېچىشقا باشلاپتۇ.
بۇنى كۆرگەن بۇركۇت دەرھال ئۇچۇپ كېلىپ، بۆرىنىڭ



كۆزىگە قارىتىپ، قاناتلىرىنى قاتتىق ئۇرۇپتۇ ۋە باش ـ كۆزلىرىنى چوقۇشقا باشلاپتۇ. بۆرە قورقۇپ: «ۋاي! بۇ نېمە ئىش؟» دەپ قېچىپ كېتىپتۇ. شۇنداق قىلىپ، بۇركۇت قوينى ساق ـ سالامەت هالدا ئۆيگە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ. ئېزىپ قالغان بۇ قوينىڭ ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەنلىكىنى كۆرگەن باشقا قويلار: «رەھمەت ساڭا بۇركۇت! سەن ھەقىقەتەن ياخشى دوست ئىكەنسەن، ئېغىر جاپالارغا قارىماي، بۇ قېرىندىشىمىزنى ساق ـ سالامەت ئېلىپ كەپسەن» دەپ، بۇركۇتكە ئاپىرىن ئېيتىپتۇ.

**ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرىدىن**

* دوستنىڭ دوستلۇقى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر.
* دوستقا ئىناق بول، دۈشمەنگە يىراق (بول).

* دۈشمەننىڭنى قاتتىق ئۇر،
كالتىكىڭنى ئايىما.
* جان دوستۇڭ جېنىڭدىن كېچەر،
مال دوستۇڭ مېلىڭدىن كەچمەس.
* ياخشى كۆرگەن دوستۇڭغا
ياخشى كۆرگەن نەرسەڭنى بەر.



## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ھالدا ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇڭلار.
2. يۇقىرىقى «ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»نىڭ مەنىسىنى مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار.
3. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.
4. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) بۈركۈت قانداق ياشايتتى؟

(2) بۈركۈت قويلار بىلەن دوست بولغاندىن كېيىن، ھەر كۈنى قانداق قىلدى؟

(3) قوي نېمە ئۈچۈن قورققان ھالدا بۈركۈتنى چاقىرىپ مەردى؟

(4) بۈركۈت بىلەن قوي بىللە مېڭىۋاتقاندا، نېمىگە دۈچ كېلىپ قالدى؟

(5) ئاچ بۆرە قويغا ئېتىلغاندا، بۈركۈت قانداق قىلدى؟

(6) ئېزىپ قالغان قوي ساق ـ سالامەت قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، باشقا قويلار بۈركۈتكە نېمە دېدى؟

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) مۈڭداشماق:

(2) ئەگەشمەك:

(3) قاچماق:

6. بېرىلگەن تىرناقتا مۇۋاپىق سۆزلەرنى تولدۇرۇپ بېقىڭلار.

ئېگىز — ( دەرەخ ) ( ) ( ) ( )

كېتىش — ( مەكتەپكە ) ( ) ( ) ( )

7. تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى.

(1) قوي يولنى تاپالماي ئېزىپ قېلىپ، «مە...مە...» دەپ مەرىگەندە، ئۇنىڭ كاللىسىغا قانداق خىياللار كەلگەن بولۇشى مۇمكىن؟

(2) ئەگەر قوي ئېزىپ قالغاندا، بۈركۈت كەلمىگەن بولسا، قوينىڭ ئەھۋالى قانداق بولاتتى؟

(3) ئەگەر بۈركۈت بىلەن بۆرە خېلى ئۇزۇن ئېلىشىپ، بىر ـ بىرىنى يېڭەلمىگەن بولسا، نېمە ئەھۋال يۈز بەرگەن

بولاتتى؟

8. ئېيتىپ بېرىشنى خالامسىز؟

(1) سىز ئادەتتە دوستلىرىڭىزغا قانداق ياردەملەرنى قىلىسىز؟

(2) سىزنىڭچە، ياخشى دوست قانداق بولۇشى كېرەك؟

(3) سىزمۇ بۇندىن بۇرۇن ئېغىر قىيىنچىلىقلارغا يولۇقۇپ باققانمۇ؟ بۇ ۋاقىتتا دوستلىرىڭىز سىزگە قانداق ياردەم قىلغان؟

9. «مېنىڭ ئەڭ ياخشى دوستۇم» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېقىڭلار.

## بىلەمسىز؟

بۈركۈت — قۇشلار ئىچىدە ئەڭ كۈچلۈك ۋە ھەيۋەتلىك قۇش بولغاچقا، «قۇشلار پادىشاھى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. بۈركۈتنىڭ قاناتلىرى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، ئۇچقاندا ئىككى قانىتىنى كەڭ يېيىپ، ئاسماندا ناھايىتى ئېگىز ۋە تېز ئۇچالايدۇ. ئېگىزدىن پەسكە شۇڭغۇغاندا بولسا، خۇددى راكېتادەك تېز ئۇچالايدۇ.

بۈركۈتنىڭ كۆزلىرى ئىنتايىن ئۆتكۈر. ئۇ يۇقىرى ئاسماندا تۇرۇپ (بەزىدە 1000 مېتىر ئېگىزلىكتىن تۇرۇپمۇ)، يەردىكى كىچىككىنە بىر چاشقاننى كۆرەلەيدۇ.

ئۇنىڭ تۇمشۇقى ئىلمەك شەكىللىك بولۇپ، ئىنتايىن قاتتىق ۋە ئۆچلۈق؛ تىرناقلىرىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك ھەم

ئۇچلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بۇ ئالاھىدىلىكلىرى ئوۋ ئوۋلىشىغا ياردەم بېرىدۇ.

بۈركۈتلەر ئادەتتە ئېگىز تاغلاردا ۋە ئورمانلىقلاردا ياشاشنى ياخشى كۆرىدۇ. ئۇلار ئۇۋۇلىرىنى ئېگىز قىيالارغا ياسايدۇ. بۈركۈتلەر ئادەتتە توشقان، چاشقان ۋە كىچىك قۇشلارنى ئوۋلاپ يەيدۇ.

بىز ئۇيغۇرلارمۇ قەدىمدىن تارتىپ بۈركۈتنى باتۇر، ئەركىن ۋە كۈچلۈك قۇش سۈپىتىدە ئەتىۋارلاپ كەلگەن. شۇڭلاشقا، ۋەتىنىمىزدىكى بەزى ئوۋچىلار بۈركۈتنى قولغا كۆندۈرۈپ، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئوۋ ئوۋلايدۇ.




1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* ئەركىن — باشقىلارنىڭ چەكلىمىسى بولمىغان، خالىغانچە ھەرىكەت قىلالايدىغان، ئازادە، خاتىرجەم.

* ئاقكۆڭۈل — باشقىلارغا يامانلىق قىلمايدىغان، قەلبى ساپ، ياخشى نىيەتلىك.

* سىرداش — كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى ئۆزئارا دېيىشەلەيدىغان ھەمدە ئۇنى باشقىلارغا ئاشكارىلىۋەتمەيدىغان يېقىن دوست.

* مۇڭداشماق ــ ① ئۆزئارا دەرت ـ قىيىنچىلىقلىرىنى ۋە ئويلىغان پىكىرلىرىنى ئېيتىشىپ پاراڭلاشماق؛ ② دوستلار بىلەن ئولتۇرۇپ خۇشال ـ خۇرام پاراڭلاشماق.

* ئېزىپ قالماق ــ يولنى يوقىتىپ قويماق، قايسى تەرەپكە مېڭىشنى بىلەلمەي قالماق.

* ھەيۋەتلىك ــ ① كاتتا، ھەشەمەتلىك؛ ② كىشىنى ھەيران قالدۇرىدىغان دەرىجىدە چوڭ ياكى كۈچلۈك.

* راكېتا ــ كەينىدىن ئوت پۈركۈش ئارقىلىق كۈچ ھاسىل قىلىپ، ئاسمانغا ياكى ئالەم بوشلۇقىغا تېز ئۇچىدىغان ئۇسكۈنە.

* ئوۋ ــ ① ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇش ياكى ئېتىش ھەرىكىتى؛ ② تۈرلۈك يوللار بىلەن تۇتۇلغان ياكى قولغا چۈشۈرۈلگەن ھايۋانلار.

* ئوۋ ئوۋلىماق ــ ياۋايى ھايۋان ۋە ياۋا قۇش قاتارلىقلارنى مىلتىق، قاپقان، قىلتاقتا ئوخشاش ھەرخىل ئۇسۇللارنى قوللىنىش ئارقىلىق تۇتماق. (بۇ سۆز ئادەتتە پەقەت ئىنسانلارنىڭ ياۋايى ھايۋانلارنى تۇتۇشىنىلا ئەمەس، بەلكى ھايۋانلارنىڭمۇ ئۆزى يەيدىغان ھايۋانلارنى تۇتۇشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بۈركۈت ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن، ئاسمانغا ئېگىز ئۆرلىدى.)

* قىيا ــ تاغنىڭ تىك، ئېگىز ۋە خەتەرلىك يېرى.

2. تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنى جانلىق ئوقۇڭلار ۋە مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار.

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «مۇئمىنلەر ئۆزئارا كۆيۈنۈش، مېھىر ـ شەپقەت

يەتكۈزۈش ۋە سىيلە-رەھىم قىلىشتا بىر تەڭگە ئوخشايدۇ. ئەگەر تەنىنىڭ بىرەر ئەزاسىغا ئاغرىق يەتسە، تەنىنىڭ قالغان قىسمى قىزىتما ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن بىئارام بولىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر كىشىنىڭ قىيىنچىلىقىنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرسە، ئاللاھ ئۇنىڭغا دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئاسانلاشتۇرۇپ بېرىدۇ؛ كىمكى بىر قېرىندىشىغا ياردەم قىلسا، ئاللاھمۇ ئۇ كىشىگە ياردەم قىلىدۇ» (مۇسلىم توپلىغان).

# 17. بىخەتەرلىك قوشىقى



پىيادىلەر يولىدا،
ئەدەپ بىلەن ماڭىمەن.
تەرتىپلەرگە بويسۇنغان،
گۈزەل خۇيلۇق بالىمەن.

چىراغلارغا قارايمەن،
يولدىن كېسىپ ئۆتكەندە.
بىسمىللاھ دەپ ماڭىمەن،
ماشىنىلار كەتكەندە.

جىم تۇرىمەن جايىمدا،
قىزىل چىراغ يانغاندا.
يولغا ياخشى قارايمەن،
ماشىنا كۆپ بولغاندا.

يېشىل چىراغ يانغاندا،
ئەدەپ بىلەن ماڭىمەن.
قائىدىگە بويسۇنۇپ،
ياخشى بالا بولىمەن.

## كۆنۈكمە

1. يۇقىرىقى شېئىرنى توغرا ۋە راۋان دېكلاماتسىيە قىلىشنى مەشىق قىلىڭلار ۋە يادلىۋېلىڭلار.
2. شېئىردا قانداق مەزمۇنلار سۆزلەنگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىڭلار.
3. تۆۋەندە بېرىلگەن مىسرالارنى راۋان جۈملە شەكلىگە ئايلاندۇرۇپ بېقىڭلار:

مەسىلەن:

جىم تۇرىمەن جايىمدا،
قىزىل چىراغ يانغاندا.

جۈملە شەكلى:

قىزىل چىراغ يانغاندا جايىمدا جىم تۇرىمەن.

(1) بىسمىللاھ دەپ ماڭىمەن،
ماشىنىلار كەتكەندە.

جۈملە شەكلى: ______________________________

______________________________.

(2) يولغا ياخشى قارايمەن،
ماشىنا كۆپ بولغاندا.

جۈملە شەكلى: ______________________________

______________________________.

4. تۆۋەندە بېرىلگەن سۆزلەرنىڭ شېئىردا قاپىيەلىشىپ كەلگەن سۆزلىرىنى تېپىپ، تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

مەسىلەن، ماڭىمەن ______ (بالىمەن).

(1) ئۆتكەندە ______ (                ).

(2) يانغاندا ______ (                ).

5. تۆۋەندىكى سۆزلەرگە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

(1) ئۆتمەك:

(2) يانماق:

(3) تۇرماق:

6. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا ـ خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «✓» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) قىزىل چىراغ يانغاندا يولدىن ئۆتۈشكە بولىدۇ. (    )

(2) ماشىنا كۆپ بولغاندا يولغا قارىمىساقمۇ بولىدۇ.(    )

(3) يېشىل چىراغ يانغاندا، ئەدەپ بىلەن يولدىن ئۆتۈش كېرەك. (    )

(4) كېچىلىرى ساقچى كۆرمىگەندە، قاتناش قائىدىسىگە بويسۇنمىساقمۇ بولىدۇ. (    )

7. ئويلىنىپ باقايلى.

(1) يولدىن كېسىپ ئۆتكەندە نېمە ئۈچۈن چىراغلارغا،

ماشىنىلارغا ياخشى قاراپ، «بىسمىللاھ» دەپ مېڭىش كېرەك؟

(2) قاتناش بەلگىلىرىگە بويسۇنمىسا نېمە ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن؟

(3) سىز پىيادىلەر يولىدا مېڭىۋاتقاندا، قارشى تەرەپتىكى دوستىڭىز سىزنى چاقىرىپ، يولدىن ئۆتۈپ ئۆزىنىڭ يېنىغا كېلىشىڭىزنى ئېيتتى، بۇ ۋاقىتتا سىز قانداق قىلىسىز؟ يولدىن ئۆتۈپ قالسىڭىز، قانداق ـ قانداق ئىشلارغا دىققەت قىلىسىز؟

(4) ئەگەر بىر ياشانغان ئادەمنىڭ يولدىن ئۆتۈشتە قىينىلىۋاتقانلىقىنى كۆرسىڭىز، قانداق ياردەم قىلىسىز؟

(5) ئەگەر سىز دوستىڭىز بىلەن توپ ئويناۋاتقاندا، توپ ماشىنا يولىغا چىقىپ كەتسە، قانداق قىلىسىز؟ قانداق قىلغاندا بىخەتەر ھالدا توپنى ئالالايسىز؟

8. ئېيتىپ بېرىشنى خالامسىز؟

(1) سىز ئادەتتە ئۆيىڭىزدىن مەكتەپ (مەدرىسە)كە بېرىپ ـ كېلىشتە، پىيادىلەر يولىدا ماڭغاندا ۋە ماشىنا يولىدىن كېسىپ ئۆتكەندە، قانداق ئىشلارغا دىققەت قىلىسىز؟

(2) ئادەتتە سىز ئۇكىڭىز بىلەن بىللە سىرتقا چىقىپ قالسىڭىز، يولدا مېڭىۋاتقاندا قانداق قىلىسىز؟ يولدىن كېسىپ ئۆتمەكچى بولسىڭىز، ئۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟

(3) ئادەتتە سىز سىرتقا چىققاندا ياكى يولدا مېڭىۋاتقاندا، ئاتا ـ ئانىڭىز سىزگە دائىم نېمىلەرگە دىققەت قىلىشىڭىز كېرەكلىكىنى ئېيتىدۇ؟

# بىلىملەر خەزىنىسى

1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* تەرتىپ — ① ھەر ئىشنىڭ ئۆز ئورنىدا، رەتلىك، تۈزۈك ھالەتتە بولۇشى؛ ② قائىدە ـ تۈزۈم، ئىنتىزام.

* بويسۇنماق — ① ئىتائەت قىلماق؛ ② بىر كىشىنىڭ سۆزىگە ۋە بۇيرۇقىغا ئەمەل قىلماق، رىئايە قىلماق.

* خۇي — مىجەز، ئادەت، خاراكتېر.

* قائىدە — ① تۈزۈم، بەلگىلىمە؛ ② ئادەت.

2. مۇئەللىمىڭلارنىڭ ياردىمىدە تۆۋەندىكى ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار.

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «زىيان تارتىشقىمۇ، زىيان سېلىشقىمۇ بولمايدۇ» (ئىبنى ماجە توپلىغان).

* رەسۇلۇللاھ سەللاللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئىككى خىل نېمەت بار بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر ئۇ ئىككى نېمەتنىڭ قەدرىگە يەتمەي، زىيان تارتىدۇ. ئۇلار: تەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتۇر» (بۇخارى توپلىغان).

# 18. ئامانەت



بىر كۈنى، ئەھمەدجان باغچىدا ئويناۋېتىپ بىر پورتمان تېپىۋالدى. پورتماننىڭ ئىچىدە خېلىلا كۆپ پۇل، بانكا كارتىلىرى ۋە ئىسىم كارتىسى بار ئىدى. ئەھمەدجان بۇ پۇللارنى كۆرۈپ، ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ دەرھال دوستى ئوسماننىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، پورتماننى كۆرسىتىپ:

— قارا، مەن نېمە تېپىۋالدىم؟! — دېدى. ئوسمان پورتمانغا قاراپ بىرئاز ئويلىنىپ:

— بىرەيلەن بۇنى ئېھتىياتسىزلىقتىن چۈشۈرۈپ قويۇپتۇ. بىز بۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بېرىشىمىز كېرەك، ئۇ كىشى ھازىر ئىنتايىن كۆڭلى يېرىم ۋە تىت-تىت بولغان ھالدا بۇنى ئىزدەۋاتقان بولۇشى مۇمكىن، — دېدى.

ئەھمەدجان بىرئاز ئىككىلىنىپ قالدى، چۈنكى ئۇ بۇ

پۇللارغا ئۆزى ياخشى كۆرگەن نۇرغۇن شاكىلات، كەمپۈت ۋە ئويۇنچۇقلارنى سېتىۋالالايتتى.

— ياق! بۇنى مەن تېپىۋالدىم. ئەمدى بۇ مېنىڭ بولدى. مەن بۇ پۇللارغا ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن نەرسىلەرنى ئالىمەن، — دېدى ئەھمەدجان پورتماننى چىڭ تۇتۇۋېلىپ. ئوسمان يەنىلا ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ:

— ئاداش، ئۆزۈڭنى پورتماننىڭ ئىگىسىنىڭ ئورنىغا قويۇپ تۇرۇپ ئويلاپ باققىن. ئەگەر سېنىڭ پورتماننىڭ يۈتۈپ كەتكەن بولسا، قانداق ھېس قىلاتتىڭ؟ — دېدى.

ئەھمەدجان بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ئىككىلەنگەن ھالدا تۇرۇپ قالدى. ئوسمان ئەھمەدجاننىڭ مۈرىسىدىن تۇتۇپ تۇرۇپ:

— ئاداش، پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: «ھەميان (پۇل خالتىسى) تېپىۋالساڭلار، بىر يىلغىچە ئىگىسىنى ئىزدەڭلار. ئەگەر ئىگىسى چىقمىسا، ئىشلەتكەچ تۇرۇڭلار، لېكىن ئۇ سىلەرگە نىسبەتەن ئامانەت ھېسابلىنىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئىگىسى كېلىپ قالسا، ئۇنىڭغا قايتۇرۇپ بېرىڭلار!»، — دېدى.



ئەھمەدجان بۇ ھەدىسنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، باياتىنقى قىلىقىدىن خىجىل بولدى ۋە ئىككىسى بىرلىكتە پورتماننىڭ ئىگىسىنى ئىزدەپ ماڭدى. دەرۋەقە، بىر كىشى تولىمۇ جىددىيلەشكەن ھالدا پورتماننى ھەر تەرەپتىن

ئىزدەپ، يەرلەرگە قاراپ، بۇ ئىككىيلەن تەرەپكە كېلىۋاتاتتى.

ئەھمەدجان پورتمالىنىڭ ئىچىدىكى كىملىك رەسىمىگە قاراپ، بۇ پورتمالىنىڭ ھەقىقەتەن مۇشۇ كىشىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلدى ـ دە، خۇشاللىق بىلەن پورتمالىنى قايتۇرۇپ بەردى. ئۇ كىشىمۇ بۇ ئىككىيلەنگە ئىنتايىن رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقىغا ئاپىرىن ئېيتتى.

ئەھمەدجان گەرچە ئارزۇ قىلغان كەمپۈت ـ شاكىلاتلىرىنى يېيەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، كۆڭلى شۇ نەرسىلەرنى يېگەندىن بەكرەك خۇشال بولدى.



## كۆنۈكمە

1. تېكىستنى تىنىش بەلگىلىرىگە دىققەت قىلغان ھالدا ئۈنلۈك ۋە راۋان ئوقۇڭلار.

2. تېكىستنى ئۆز تىلىڭلارغا ئايلاندۇرۇپ سۆزلەپ بېقىڭلار.

3. تېكىستكە ئاساسەن تۆۋەندىكى سوئاللارغا جاۋاب بېرىپ بېقىڭلار:

(1) ئەھمەدجان تېپىۋالغان پورتمالىنىڭ ئىچىدە نېمىلەر بار ئىدى؟

(2) ئەھمەدجان ئۆزىنىڭ پورتمال تېپىۋالغانلىقىنى

ئوسمانغا ئېيتقاندا، ئوسمان ئەھمەدجانغا نېمە دېدى؟
(3) ئەھمەدجان دەسلەپتە پورتماننى قايتۇرۇپ بېرىشكە ماقۇل بولدىمۇ؟ نېمىشقا؟
(4) ئوسمان ئەھمەدجانغا نەسىھەت قىلغاندا، پەيغەمبىرىمىزنىڭ قايسى ھەدىسىنى مىسال كەلتۈردى؟
(5) ئوسمان بىلەن ئەھمەدجان پورتماننىڭ ئىگىسىنى قانداق تاپتى؟
(6) ئەھمەدجان ئاخىرىدا نېمە ئۈچۈن خۇشال بولدى؟
4. ئوقۇتقۇچىنىڭ يېتەكچىلىكىدە ئويناپ باقايلى.
ئۈچ ئوقۇغۇچى بىرلىكتە ھېكايىدىكى ئەھمەدجان، ئوسمان ۋە پورتماننىڭ ئىگىسىنىڭ رولىنى ئېلىپ، ساۋاقداشلىرىڭلارنىڭ ئالدىدا ئويناپ بېقىڭلار. ھېكايىدىكى كىشىلەرنىڭ سۆزىنى ئەينەن ئېيتىپ بېرىشىڭلارنىڭ ھاجىتى يوق، ھېكايىنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنىنى ئىپادىلەشكە تىرىشساڭلارلا بولىدۇ.
5. تۆۋەندە بېرىلگەن ئۈلگىگە ئاساسەن، ئاستىدىكى جۈملىلەرنى كېڭەيتىپ يېزىڭلار.

ئۈلگە:

ئۇ تېپىۋالدى.
ئۇ بىر پورتمان تېپىۋالدى.
ئۇ باغچىدا ئويناۋېتىپ بىر پورتمان تېپىۋالدى.

(1) ئۇ ئىزدەۋاتىدۇ.
________________________.
________________________
________________.

(2) ئۇ سىپتىۋالالايتتى.

.______________________________________________

______________________________________________

.__________________________________

(3) مەن خىجىل بولدۇم.

.______________________________________________

______________________________________________

.__________________________________

(4) مەن خۇشال بولدۇم.

.______________________________________________

______________________________________________

.__________________________________

6. يۇقىرىقى ھېكايىگە ئاساسەن، ۋەقەلەرنىڭ يۈز بېرىش تەرتىپى بويىچە رەت نومۇرىنى 1 دىن 7 گىچە يېزىپ چىقىڭلار:

(  ) ئىككىسى بىرلىكتە پورتمانىنىڭ ئىگىسىنى ئىزدەپ ماڭدى.

(  ) ئەھمەدجان پورتمانىنى ئوسمانغا كۆرسەتتى.

(  ) ئەھمەدجان پورتمانىنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى.

(  ) ئەھمەدجان باغچىدا پورتمان تېپىۋالدى.

(  ) پورتمانىنىڭ ئىگىسى بۇ ئىككىيلەنگە رەھمەت ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ئېسىل ئەخلاقىغا ئاپىرىن ئېيتتى.

(  ) ئوسمان ئەھمەدجانغا پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھەدىسىنى سۆزلەپ بەردى.

(　) پورتمانىنىڭ ئىگىسى جىددىيلەشكەن هالدا ئىزدەپ كەلدى.

7. تەسەۋۋۇر قىلىپ باقايلى.

(1) ئەگەر سىز ئەھمەدجانىنىڭ ئورنىدا بولغان بولسىڭىز، قانداق قىلغان بولاتتىڭىز؟

(2) ئەگەر سىز پورتمان تېپىۋالغاندا، دوستىڭىز سىزگە ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەي، ئىچىدىكى پۇللارنى خەجلەشنى ئېيتسا، سىز قانداق قىلىسىز؟

(3) ئەھمەدجان ئەگەر پورتماننى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەي، ئىچىدىكى پۇللارغا ئۆزى خالىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ خەجلىگەن بولسا، ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن ھەقىقەتەن خاتىرجەم بولالامدۇ؟ ياكى قاتتىق پۇشايمان قىلامدۇ؟ ئۇ كېچىلىرى ياخشى ئۇخلىيالامدۇ؟ كۆڭلىدە نېمىلەرنى ئويلايدۇ؟

(4) ئەھمەدجان پورتماننىڭ ئىچىدىكى كىملىك رەسىمىگە قاراپ، بۇ پورتماننىڭ ھەقىقەتەن مۇشۇ كىشىنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەردى. ئەگەر پورتماننىڭ ئىچىدە ئىگىسىنىڭ كىملىك رەسىمى بولماي، پەقەتلا پۇل بولغان بولسا، ئەھمەدجان ئىگىسىنى قانداق تاپقان بولاتتى؟ ئالدىغا كىم ئۇچرىسا: «بۇ پورتمان سىزنىڭمۇ؟» دەپ سوراش توغرىمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

(5) ئەگەر سىز پورتماننى تېپىۋېلىپ، ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەندىن كېيىن، ئىگىسى ئىنتايىن خۇشال بولۇپ، سىزگە شاكىلات ئېلىپ يېگۈدەك پۇل بەرسە ياكى سىزگە ئويۇنچۇق ئېلىپ بەرمەكچى بولسا، سىز قانداق قىلىسىز؟ ئىگىسىگە نېمىلەرنى دەيسىز؟

8. ئويلىنىپ باقايلى.

(1) پۇل مۇھىممۇ، ئەخلاقمۇ؟ نېمە ئۈچۈن؟

(2) نېمە ئۈچۈن بەزى كىشىلەر نەرسە تېپىۋالسا، ئۇنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرمەيدۇ؟ بۇلارغا قانداق نەسىھەت قىلىشىمىز كېرەك؟

(3) سىز ئۆيدە ئاتا-ئانىڭىزنىڭ ياكى قېرىنداشلىرىڭىزنىڭ چۈشۈپ قالغان پۇللىرىنى كۆرۈپ قالسىڭىز قانداق قىلىسىز؟

(4) سىز ھاياتىڭىزدا توغرا ئىش بىلەن خاتا ئىشتىن بىرىنى تاللاشقا ئۇچرىغان ۋاقتىڭىزدا، توغرىسىنى تاللاش ئۈچۈن قانداق قىلىسىز؟




1. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى بىلىۋېلىڭلار:

* ئامانەت — ① بىر كىشى يەنە بىر كىشىگە ۋاقىتلىق ساقلاپ بېرىشى ئۈچۈن ياكى باشقىلارغا بېرىپ قويۇشى ئۈچۈن بەرگەن نەرسە؛ ② تېپىۋېلىنغان ۋە ئىگىسىگە قايتۇرۇلۇشى كېرەك بولغان نەرسە.

* تىت-تىت بولماق — جىددىيلىشىپ كۆڭلى تىنچلىنالماسلىق، كۆڭلى ئارام تاپالماسلىق، ئەنسىرىمەك.

* ئېھتىياتسىزلىق — ئىشلارنى قىلغاندا يېتەرلىك دىققەت قىلمىغان ياكى ئېھتىيات قىلمىغانلىق سەۋەبلىك،

خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويۇش؛ بىپەرۋالىق، ھوشىيارسىزلىق.

* قىلىق — قىلمىش، ئىش ـ ھەرىكەت.

* ئاپىرىن ئېيتماق — ① بىرەيلەننىڭ قىلغان ياخشى ئىشى ياكى مۇۋەپپەقىيىتى ئۈچۈن، ئۇنى ماختاش، تەقدىرلەش؛ ② ياخشى باھا بەرمەك.

2. تۆۋەندىكى ئايەت ـ ھەدىسلەرنىڭ مەنىسىنى مۇئەللىملەرنىڭ ياردىمىدە چۈشىنىۋېلىڭلار ۋە دەپتىرىڭلارغا چىرايلىق كۆچۈرۈپ يېزىڭلار:

* ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «شۈبھىسىزكى، ئاللاھ سىلەرنى ئامانەتلەرنى ئىگىسىگە قايتۇرۇشقا بۇيرۇيدۇ» (سۈرە نىسا 58 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى).

* ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئۇلار (يەنى مۇئمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىگە رىئايە قىلغۇچىلاردۇر» (سۈرە مۇئمىنۇن 8 ـ ئايەت).

* رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم مۇنداق دېگەن: «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى (مال ـ مۈلكىنى) يەۋالسا، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ ۋە جەننەتنىڭ پۇرىقىنىمۇ پۇراتمايدۇ» (بەيھەقى توپلىغان).

# 5 ئاساسىي مەشىق

1. تۆۋەندە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ توغرىسىنى تاللاپ، ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

(1) بۈركۈت بىلەن قوي قانداق تونۇشقان؟ (　　)

ئا: بۈركۈت يايلاقتا كېلىپ، قويلارغا سالام بەرگەندە، ئۇلارنىڭ تولىمۇ سەمىمىي ۋە ئاقكۆڭۈل دوستلار ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ياخشى سىرداشلاردىن بولۇپ قالغان.

ئە: ئۇلار تۇغۇلغاندىن باشلاپلا، بىللە ئويناپ چوڭ بولغان.

ب: بۆرە قوينى قوغلىغاندا، ياردەم قىلىش ئۈچۈن تونۇشۇپ قالغان.

(2) «بىختەرلىك قوشىقى»غا ئاساسەن، قىزىل چىراغ يانغاندا نېمە قىلىشىمىز كېرەك؟ (　　)

ئا: يولدىن ئۆتۈشىمىز كېرەك.

ئە: جىم تۇرۇشىمىز كېرەك.

ب: يولدىن دەرھال يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ كېتىشىمىز كېرەك.

(3) ئەھمەدجان تېپىۋالغان پورتماننى ئەڭ ئاخىرىدا قانداق قىلدى؟ (　　)

ئا: ئۆيىگە ئېلىپ كەتتى.

ئە: ئىگىسىگە تاپشۇرۇپ بەردى.

ب: ئىچىدىكى پۇللارنى خەجلەپ، كەمپۈت ۋە شاكىلات ئېلىپ يېدى.

(4) «كىمكى بىر مۇسۇلماننىڭ ھەققىنى (مال ـ مۈلكىنى) يەۋالسا، ئاللاھ ئۇنى جەننەتكە كىرگۈزمەيدۇ ۋە

جەننەتنىڭ پۈرقىنىمۇ پۇراتمايدۇ» دېگەن ھەدىس تۆۋەندىكى تېكىستلەردىن قايسىسىغا ماس كېلىدۇ؟ (    )

ئا: بۆركۈت بىلەن قوينىڭ دوستلۇقى

ئە: بىختەرلىك قوشىقى

ب: ئامانەت

(5) تۆۋەندىكى جۈملىلەردىن قايسىسى توغرا؟ (    )

ئا: يولدىن ئۆتكەندە قاتناش چىراغلىرىغا دىققەت قىلساقلا، مەڭگۈ ئۆلمەي ھايات ياشايمىز.

ئە: «دوستنىڭ دوستلۇقى بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە بىلىنەر» دېگەن جۈملە — بېشىڭغا كۈن چۈشكەندە يېقىن دوستۇڭ سېنى يەلپۈپ قويىدۇ، باشقا ۋاقىتتا سەن بىلەن ھېچقانداق كارى بولمايدۇ، دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

ب: «بۆركۈت بىلەن قوينىڭ دوستلۇقى» ناملىق تېكىستتە، دوستى قىيىنچىلىقتا قالسا قولىدىن كېلىشىچە ياردەم قىلىش، دوستىغا سادىق ۋە سەمىمىي بولۇش، دۈشمەننىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچرىغاندا باتۇر ۋە قورقماس بولۇش كېرەكلىكى تەسۋىرلەنگەن.

(6) تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ ئىزاھاتىدىن قايسىسى توغرا؟ (    )

ئا: سىرداش — كۆڭلىدىكى سىرلىرىنى ئۆزئارا دېيىشەلەيدىغان ھەمدە ئۇنى باشقىلارغا ئاشكارىلىۋەتمەيدىغان يېقىن دوست.

ئە: ئاقكۆڭۈل — قورسىقى ئاپئاق.

ب: ئامانەت — قائىدە ـ تۈزۈم، ئىنتىزام.

(7) يولدىن ئۆتكەندە نېمىلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك؟

ئا: باشقىلارنىڭ قولىدىكى يەۋاتقان نەرسىلەرگە ۋە كىيىم ـ كېچەكلىرىگە.

ئە: قاتناش چىراغلىرىغا، ئۆتۈۋاتقان ماشىنىلارغا، «بىسمىللاھ» دەپ مېڭىشقا.

ب: قايسى ماشىنىلارنىڭ نوچى ۋە ئېسىل ئىكەنلىكىگە.

(8) «مۆئمىنلەر ئۆزئارا كۆيۈنۈش، مېھىر-شەپقەت يەتكۈزۈش ۋە سىيلە-رەھىم قىلىشتا بىر تەنگە ئوخشايدۇ. ئەگەر تەننىڭ بىرەر ئەزاسىغا ئاغرىق يەتسە، تەننىڭ قالغان قىسمى قىزىتما ۋە ئۇيقۇسىزلىق بىلەن بىئارام بولىدۇ» دېگەن ھەدىسنىڭ مەنىسى ( )

ئا: مۇسۇلمان قېرىنداشنىڭ قىيىنچىلىقىغا كۈلۈپ خۇشال بولۇشى، ئۆزىگىمۇ ئاۋارىچىلىك كېلىپ قالماسلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭدىن يىراق تۇرۇشى ۋە ئىشىغا ئارىلاشماسلىق كېرەك.

ئە: قېرىنداشنىڭ قىيىنچىلىقىنى پەقەت مۆئەللىم ياكى ئۇنىڭ ئاتا-ئانىسىلا ھەل قىلالايدۇ، باشقىلار بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

ب: بىر مۇسۇلمان قېرىندىشى قىيىنچىلىقتا قالسا، ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىشكە تىرىشىشى، كۆيۈنۈشى، ئۇنىڭ قىيىنچىلىقىنى خۇددى ئۆزىنىڭ قىيىنچىلىقىدەك ھېس قىلىشى، ھېچ بولمىغاندا ئۇ ھەققىدە ئاللاھقا دۇئا قىلىشى كېرەك.

2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «✓» بەلگىسى، خاتاسىغا «✕» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) بۈركۈت قويلارنى كۆرگەندە، ئۇلارنى ئوۋلاپ يېمەكچى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىغا چۈشتى. ( )

(2) گۈزەل خۇيلۇق بالا پىيادىلەر يولىدا ئەدەپ بىلەن

ماڭىدۇ ۋە قاتناش قائىدىلىرىگە بويسۇنىدۇ.          (     )

(3) «دوستقا ئىناق بول، دۈشمەنگە يىراق (بول)» دېگەن ماقال «بىخەتەرلىك قوشىقى» دېگەن تېكىستكە ماس كېلىدۇ.  (     )

(4) ئەھمەدجان پورتمالنى باغچىدا ئويناۋېتىپ تېپىۋالدى.

(     )

(5) ئوسمان ئەھمەدجانغا دەپ بەرگەن ھەدىستە، ھەميان تېپىۋالغان كىشى ئىككى ھەپتىدىن كېيىن ئۆزى ئىشلەتسە بولىدۇ، دېيىلگەن.          (     )

(6) پورتمالنىڭ ئىگىسى ئەھمەدجان ۋە ئوسمانغا ھېچقانداق رەھمەت ئېيتماي، كۈلۈپ قويۇپلا كېتىپ قالغان.

(     )

3. تۆۋەندىكى سۆزلەرنىڭ قانچە ھەرپ ۋە قانچە بوغۇمدىن تۈزۈلگەنلىكىنى تىرناق ئىچىگە يېزىپ بېقىڭلار:

قېرىنداشلار: (     ) ھەرپ، (     ) بوغۇم

چوڭقۇرلىشىپتۇ: (     ) ھەرپ، (     ) بوغۇم

مۇناسىۋىتىمۇ: (     ) ھەرپ، (     ) بوغۇم

قورقىغان: (     ) ھەرپ، (     ) بوغۇم

ئاپىرىن: (     ) ھەرپ، (     ) بوغۇم

پىيادىلەر: (     ) ھەرپ، (     ) بوغۇم

قائىدىگە: (     ) ھەرپ، (     ) بوغۇم

تېپىۋالدىم: (     ) ھەرپ، (     ) بوغۇم

ئېھتىياتسىزلىقتىن: (     ) ھەرپ، (     ) بوغۇم

سېتىۋالالايتتى: (     ) ھەرپ، (     ) بوغۇم

4. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى رەتلەپ، راۋان جۈملىگە ئايلاندۇرۇپ بېقىڭلار:

| | | | |
|---|---|---|---|
| باشلاپتۇ | بۇركۇت | يول | قويغا |

.______________________

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بۆرىنىڭ | قاناتلىرىنى | كۆزىگە | بۇركۇت | ئۇرۇپتۇ |

______________________

.__________

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| پورتمالنى | ئىگىسىگە | بەردى | ئەھمەدجان | قايتۇرۇپ |

______________________

.__________

| | | | |
|---|---|---|---|
| جىنىمدىن | دوستۇڭ | كىچەر | جان |

.______________________

5. ئىسىم قويۇپ بېقىڭلار.

بىز بۇ بۆلەكتە ئۆگىنىپ ئۆتكەن «بۇركۇت بىلەن قوينىڭ دوستلۇقى»، «بىخەتەرلىك قوشىقى» ۋە «ئامانەت» قاتارلىق تېكىستلەرنىڭ ئىسمىنى (ماۋزۇسىنى) ئەگەر سىز قويغان بولسىڭىز، قانداق ماۋزۇ قويغان بولاتتىڭىز؟

(1) «بۇركۇت بىلەن قوينىڭ دوستلۇقى» دېگەن تېكىستكە __________.

(2) «بىخەتەرلىك قوشىقى» دېگەن تېكىستكە __________.

(3) «ئامانەت» دېگەن تېكىستكە __________.

6. تۆۋەندە بېرىلگەن رەسىملەرگە قاراپ، ئۆزۈڭلار خالىغانچە جۈملە تۈزۈپ بېقىڭلار:

مەسىلەن، ئابدۇراھمان پىيادىلەر يولىدا مېڭىۋاتىدۇ.



(1) ______________________________

______________________________.

(2) ______________________________

______________________________

______________________________.



(1) ______________________________

______________________________.

(2) ______________________________

______________________________

______________________________.



(1) ______________________________

______________________________.

(2) ______________________________

______________________________

______________________________.

6. تەسەۋۋۇر قىلىپ، بېرىلگەن سۆھبەتنى داۋاملاشتۇرۇپ يېزىپ بېقىڭلار.

(1) بىر كۈنى بۆركۈت بىلەن قوي ئۇچرىشىپ قېلىپ، ئۆزئارا پاراڭلاشتى.

بۆركۈت: ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قوي ئاداش، قانداق ئەھۋالىڭ؟ سەن ھەممىدىن بەك نېمىگە ئامراق؟

قوي: ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام ئاداش. مەن كەڭرى يايلاقلاردا يېشىل ئوتلارنى يېيىشكە ئەڭ ئامراق، سەنچۇ؟

بۆركۈت: ______

قوي: ______

بۆركۈت: ______

قوي: ______

(2) بۆرە بۆركۈتتىن قاتتىق تاياق يېگەنلىكى ئۈچۈن، ھىيلىگەر تۈلكىنى ئۆزىگە ياردەم قىلىشقا چاقىرىپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغا: «ئەگەر قوينى مېنىڭ يېنىمغا ئالداپ ئەكېلەلىسەڭ، ئۇنىڭ گۆشىنى ئىككىمىز تەڭ يەيمىز» دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن، تۈلكە قوينىڭ يېنىغا بېرىپتۇ.

تۈلكە: قوي ئاداش، سەن تولىمۇ ئاقكۆڭۈل ۋە سەمىمىيكەنسەن. ئىككىمىز يېقىن دوست بولساق قانداق؟

قوي: ______

تۈلكە: ______

قوي: ______

(3) ھەسەنجان بىلەن ئەلىجان مەكتەپتىن بىللە قايتىۋېتىپ، يولدا ماڭغاندىكى قائىدىلەر توغرىسىدا پاراڭلىشىدۇ.

ئەلىجان: ئاداش، سەن ئادەتتە يولدا مېڭىۋاتقاندا نېمىگە

ئەڭ دىققەت قىلىسەن؟

ھەسەنجان: چوقۇم پىيادىلەر يولىدىن ماڭىمەن ھەمدە ھەرگىز تېلېفون ئوينىمايمەن. سەنچۇ؟

ئەلىجان: ________________________________

ھەسەنجان: ________________________________

ئەلىجان: ________________________________

ھەسەنجان: ________________________________

(4) ئەھمەدجان ئۆيگە قايتقاندىن كېيىن، باغچىدا تېپىۋالغان پورتماننى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنى ئانىسىغا ئېيتىپ بەردى.

ئەھمەدجان: ئاپا، بۈگۈن مەن ئاللاھ ياخشى كۆرىدىغان بىر ئىش قىلدىم.

ئانىسى: ماشائاللاھ ئوغلۇم! قانداق ياخشى ئىش قىلدىڭىز؟

ئەھمەدجان: ________________________________

ئانىسى: ________________________________

ئەھمەدجان: ________________________________

ئانىسى: ________________________________

ئەھمەدجان: ________________________________

ئانىسى: ________________________________

7. نېمىلەرنى ئۆگىنىۋالدىڭلار؟

● «بۈركۈت بىلەن قوينىڭ دوستلۇقى» دېگەن تېكىستتىن مەن ________________________________ ________________________________ ئۆگىنىۋالدىم.

● «بىخەتەرلىك قوشىقى» دېگەن شېئىردىن مەن ____

________________________________________

________________________ ئۆگىنىۋالدىم.

● «ئامانەت» دېگەن ھېكايىدىن مەن ________________

________________________________________

________________________ ئۆگىنىۋالدىم.

# ئومۇمىي مەشىق

1. تۆۋەندە بېرىلگەن جاۋابلارنىڭ توغرىسىنى تاللاپ، ھەرپ بەلگىسىنى تىرناق ئىچىگە يېزىڭلار.

(1) ئوقۇتقۇچىلىرىمىز بىزگە بىلىم بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بىز ئۇلارغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىمىز كېرەك؟ (　　)

ئا: دەرس ۋاقتىدا ئۇلارنىڭ گېپىنى بۆلۈۋېتىشىمىز، ئۆزىمىزنىڭ سۆزىدە جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋېلىشىمىز كېرەك.

ئە: ئۇلارنى پەقەت مەكتەپتىلا ھۆرمەتلەيمىز، كوچا-كويلاردا ۋە يوللاردا ئۇچراپ قالغاندا كارىمىز بولمىسىمۇ بولىۋېرىدۇ.

ب: ئۇلارنى ھۆرمەتلىشىمىز، ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىشىمىز ۋە رەھمەت ئېيتىشىمىز كېرەك.

(2) بىز بۇ كىتابتا ئۆگىنىپ ئۆتكەن شېئىر ۋە ھېكايىلەر بىزگە كىملەرنى ھۆرمەتلەش ۋە قەدىرلەشنىڭ مۇھىملىقىنى ئۆگىتىدۇ؟ (　　)

ئا: پەيغەمبىرىمىزنى، ئاتا-ئانىمىزنى، ۋەتىنىمىزنى ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنى.

ئە: بىز نېمە دېسەك ماقۇل دەيدىغان ۋە ئوينىغاندا بىزنى ئويۇنغا قوشىدىغان ئاداشلىرىمىزنى.

ب: بىزگە جىق پۇل بەرگەن ۋە تېلېفون كۆرگىلى قويغان كىشىلەرنى.

(3) «تېلېفوننىڭ نالىسى» دېگەن تېكىستكە ئاساسلانغاندا، بىز ۋاقتىمىزنى قەدىرلەش ئۈچۈن، قانداق قىلىشىمىز كېرەك؟ (   )

ئا: ئاتا ـ ئانىمىزغا دەپ تېخمۇ كۆپ ئويۇنچۇقلارنى ئويناشىمىز، ھەر كۈنى تېلېفوندا ئويۇن ئويناپ ۋە كارتون كۆرۈپ، كۆڭلىمىز ياققان ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك.

ئە: تىرىشىپ ياخشى ئۆگىنىپ، چوڭ بولغاندا دىنىمىزغا، مۇسۇلمانلارغا ۋە ۋەتىنىمىزگە كۆپلەپ ياخشى ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك.

ب: چارچاپ كەتمەسلىك ئۈچۈن، كىتاب كۆرمەي ۋە دەرس ئۆگەنمەي، ھەممە نەرسىلەرنى تېلېفونغا قاراپ بىلىشىمىز كېرەك.

(4) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى ياخشى كۆرگەن كىشى قانداق قىلىشى كېرەك؟

ئا: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسمى ۋە رەسىمىنى چىرايلىق قىلىپ، ئۆينىڭ تېمىغا ئېسىپ قويسىلا بولىدۇ.

ئە: سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىشى، ئەخلاقىغا ئەگىشىشكە تىرىشىشى ۋە سۈننەتلىرىنى ئۆگىنىشى كېرەك.

ب: ئۇ دېگەن بۇرۇنقى ئىشلار، پەيغەمبىرىمىزنىڭ ئىشلىرى بىز بىلەن مۇناسىۋەتسىز.

(5) «ئاچكۆز مۈشۈكنىڭ ئاقىۋىتى»، «ئىجابەت بولغان دۇئا»، «ھىيلىگەر تۈلكە بىلەن ئەقىللىق چۈجە» ۋە «ئامانەت» قاتارلىق تېكىستلەرگە ئاساسلانغاندا، بىز خاتالىشىپ قالغاندا، قايسى ئىشلار بىزگە ياردەم قىلىدۇ؟ (   )

ئا: ئۆزىمىزنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋېلىش ۋە ئۆزىمىز قىلغان ئىشلار توغرا بولسۇن ياكى خاتا بولسۇن چوقۇم

داۋاملاشتۇرۇش.
ئە: خاتالىقىمىزنى ئاتا-ئانىمىزغا بىلدۈرمەسلىك، پۈتۈن ۋاقتىمىزنى سەرپ قىلىپ، ئۆزىمىز بىر ئامال قىلىپ ھەل قىلىش.
ب: ئاللاھقا دۇئا قىلىش، ئاتا-ئانىمىز ۋە ياخشى دوستلارنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلاش، توغرا يولنى كۆرسىتىدىغان بىلىملەرنى ئۆگىنىش ۋە ئەقلىمىزنى ئىشلىتىش.
(6) «بۇركۈت بىلەن قۇينىڭ دوستلۇقى»، «ئامانەت» ۋە «تېلېفوننىڭ نالىسى» دېگەن تېكىستكە ئاساسلانغاندا، ھەقىقىي دوست قانداق بولىدۇ؟ (　　)
ئا: قىيىنچىلىققا يولۇققاندا ياردەم بېرىدۇ، خاتالىشىپ قالساق نەسىھەت قىلىدۇ.
ئە: ھەر ۋاقىت بىزنى ماختاپ تۇرىدۇ، يالغان سۆزلەرنى ئېيتىپ، كۆڭلىمىزنى خۇشال قىلىدۇ.
ب: بويى ۋە يېشى بىز بىلەن ئوپمۇئوخشاش بولىدۇ، بىز ئوينايدىغان ھەممە ئويۇنلارنى ياخشى بىلىدۇ.
(7) بىز بۇ كىتابتا ئۆگىنىپ ئۆتكەن ئايەت-ھەدىسلەر ۋە «ئۇيغۇر خەلق ماقال-تەمسىللىرى»نىڭ بىزگە قانداق پايدىسى بار؟ (　　)
ئا: ئۇلار پەقەت كونا سۆزلەر، ھېچقانداق پايدىسى يوق.
ئە: ئۇلار بىزگە ياخشى ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى، قانداق قىلغاندا ئاللاھنى رازى قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى، تۇرمۇشىمىزدىكى توغرا ۋە ياخشى ئىشلارنى ئۆگىتىدۇ.
ب: ھەممە ئىشتا بىرىنچى بولغاندا، جىق پۇل تاپقاندا ۋە پەقەت ئۆزىمىزنىلا ئويلىغاندا، ئاندىن خۇشال ياشىغىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىدۇ.

2. تۆۋەندىكىلەرنىڭ توغرا-خاتالىقىغا ھۆكۈم قىلىڭلار. توغرىسىغا «✓» بەلگىسى، خاتاسىغا «×» بەلگىسى قويۇڭلار.

(1) ئوقۇتقۇچىمىز دەرس ئۆتكەندە، خاپا قىلماسلىق ئۈچۈن، جىم يېتىپ ئۇخلىشىمىز كېرەك. ( )

(2) ئاتا-ئانىمىزنىڭ سۆزىنى ياخشى ئاڭلىشىمىز، ئۆي ئىشلىرىغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك. ( )

(3) «دادام دېدى: <بىلگىن بالام!
ۋەتەن بىزنىڭ جېنىمىزدۇر.
سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن بوۋاڭ،
شۇ تۇپراقتا قان تۆككەندۇر» دېگەن مىسرالار «پەيغەمبىرىم مۇھەممەد» دېگەن تېكىستتىن ئېلىنغان. ( )

(4) مەككىدىكى كەبىنى ئادەم ئەلەيھىسسالام ياسىغان. ( )

(5) ئاللاھ تائالا تولىمۇ مېھرىبان ۋە كۆيۈمچاندۇر، كېسەللەرگە شىپالىق بەرگۈچىدۇر، دۇئا قىلساق ئىجابەت قىلغۇچىدۇر. ( )

(6) ئۆكىمىز قەلەم-دەپتەرلىرىمىزنى تالىشىپ قالسا، بىزمۇ ئۇنىڭ نەرسىلىرىنى ئېلىۋالىمىز. دەرسلىك كىتابلىرىمىزغا قالايمىقان جىجىپ، ھەممە يەرگە چېچىۋەتسە، خاپا بولۇپ، ئۇرۇپ-تىللىساق بولىدۇ. ( )

(7) باشقىلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان بولۇپ بارغاندا ياكى داستىخاندا ئولتۇرغاندا، ئەدەپلىك بولۇپ، چوڭلارنى ھۆرمەت قىلىشىمىز كېرەك. ( )

(8) پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەخلاقى ئىنتايىن گۈزەل بولۇپ، بىزنىڭ يولباشچى ۋە ئۈلگىمىزدۇر. ( )

3. بىز ئۆگەنگەن ئۆتكەن تېكىستلەردىكى تۆۋەندىكى كىشى ۋە ھايۋانلارنىڭ مىجەز-خاراكتېرى ياكى ئەخلاقىنى يېزىپ بېقىڭلار:

(1) «ئاچكۆز مۈشۈكنىڭ ئاقىۋىتى» ناملىق تېكىستتىكى مۈشۈك: ______________.

(2) «جېنىم ئانا» ناملىق شېئىردىكى بالا: ______________
______________.

(3) «ئەجابەت بولغان دۇئا» ناملىق تېكىستتىكى زۇلھايا:
______________.

(4) «تېلېفوننىڭ نالىسى» ناملىق تېكىستتىكى ئۆمەر:
______________.

(5) «دورىماڭلار» ناملىق تېكىستتىكى بالا: ______________
______________.

(6) «ھىيلىگەر تۈلكە بىلەن ئەقىللىق چۈجە» ناملىق تېكىستتىكى چۈجە: ______________.

(7) «بۆركۈت بىلەن قوينىڭ دوستلۇقى» ناملىق تېكىستتىكى بۆركۈت: ______________.

4. تۆۋەندىكىلەردىن قايسى جۈملە قايسى رەسىمگە ماس كېلىدۇ؟



| | |
|---|---|
| | 4 |
| | |



| | |
|---|---|
| | 1 |
| | |



| | |
|---|---|
| | 2 |
| | |

(1) بۆرە ئاغزىنى ئاچقان هالدا، قويغا قاراپ ئېتىلدى.
(2) ئايگۈل پۈتۈن دىققىتى بىلەن تاپشۇرۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.
(3) ئەتراپتا قاتتىق قار يېغىۋاتىدۇ، بورانمۇ ناهايىتى كۈچلۈك.
(4) بالا ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يىغلاۋاتىدۇ.
(5) ئايگۈل چىرايلىق لېچەك كىيىۋالغان.
(6) بالا ئاچچىقىدا قولىغا چىققان نەرسىنى يەرگە ئاتتى.
(7) قوي بۆرىدىن قورقۇپ قېچىۋاتىدۇ.
(8) ئۈكام ئالىمجان بەك ئوماق، قىلىقلىرى بەك تاتلىق، لېكىن دائىم قەلەم-دەپتەرلىرىمنى تالىشىدۇ.
(9) يەردە تەخسە، ئىستاكان ۋە تاماقلار چېچىلىپ ياتاتتى.
(10) بۈركۈت قوينى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، دەرهال ئۇچۇپ كەلدى.
(11) بالا سەككىز ياشقا كىرىپ قالغان بولسىمۇ، ئاتا-ئانىسىغا غەلۋە قىلىپ، ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يىغلايدۇ.
(12) ئۈكام ئالىمجان ماڭا بەك ئامراق بولغانلىقى ئۈچۈن، مېنىڭ يېنىمدا ئويناشقا ئامراق.

5. بىز بۇ كىتابتا ئۆگىنىپ ئۆتكەن بىلىملەرگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى ۋەقەلەردىكى كىشى ياكى هايۋانلار قانداق هېسسىياتتا بولغانلىقىنى تاللاپ، توغرا جاۋاب يېزىلغان كاتەكچىنى سىزىڭ بوياڭلار.

مەسىلەن، ئاچكۆز مۈشۈكنىڭ قورسىقىغا ئوق تېگىپ يىقىلغاندا، ئاچكۆزلۈك قىلغانلىقى سەۋەبلىك، هاياتىدىن ئايرىلغانلىقىغا:

| | | |
|---|---|---|
| خۇشال بولغان | پەرۋا قىلمىغان | پۇشايمان قىلغان |

(1) «جىنىم ئانا» ناملىق شېئىردىكى بالا ئانىسىنىڭ

چارچىغانلىقىنى كۆرگەندە:

| | | |
|---|---|---|
| كارى بولمىغان | كۆيۈنگەن | ئاچچىقى كەلگەن |

(2) بوۋاق، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۇغۇلغاندا، ئابدۇلمۇتتەلىب:

| | | |
|---|---|---|
| خۇشال بولغان | ئاچچىقى كەلگەن | قورققان |

(3) زۇلھايا ئانىسىنىڭ ساقىيىشىنى تىلەپ، ئاللاھقا دۇئا قىلغاندا:

| | | |
|---|---|---|
| ئىجابەت بولىدىغانلىقىغا ئىشەنگەن | ئىغىزىنىڭ ئۇچىدىلا دەپ قويغان | ئۆزىنى يەرگە ئېتىپ يىغلىغان |

(4) ئۆمەر تېلېفوننى كۆرگەن پېتى ئۇخلاپ قېلىپ، ئاندىن چۈش كۆرگەندە، چۈشىدىكى تېلېفون:

| | | |
|---|---|---|
| ئۇرغان | ئاچچىقلانغان | يىغلىغان |

(5) ئەقىللىق چۈجە ھىيلىگەر تۈلكىدىن قۇتۇلۇپ قالغاندا:

| | | |
|---|---|---|
| تەكەببۇرلۇق قىلغان | خاپا بولغان | خۇشال بولغان |

(6) بۆركۈتنىڭ قوينى ساق ـ سالامەت ئۆيگە ئەكىلىپ

قويغانلىقىنى كۆرگەن باشقا قويلار:

| | | |
|---|---|---|
| قورققان | رەھمەت ۋە ئاپىرىن ئېيتقان | ئاچچىقلانغان |

(7) ئەھمەدجان گەرچە ئارزۇ قىلغان كەمپۈت ـ شاكىلاتلىرىنى يېيەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئامانەتنى ئىگىسىگە قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن:

| | | |
|---|---|---|
| پۇشايمان قىلغان | ھەيران بولغان | خۇشال بولغان |

(8) ئايگۈل ئۆكىسى ئالىمجاننىڭ يىغلىغان چىرايىنى كۆرۈپ:

| | | |
|---|---|---|
| ئىچى پۇشقان | ئاچچىقلانغان | كۆڭلى يېرىم بولغان |

6. ئۆزۈڭلارنىڭ بىلىمىگە ئاساسەن، تۆۋەندىكى ھايۋانلارنىڭ بىر ـ بىرىگە ئوخشاشلىق تەرەپلىرى ۋە پەرقىنى ئايرىم ـ ئايرىم ئېيتىپ بېقىڭلار.

| ھايۋانلار | ئوخشاشلىق تەرەپلىرى | پەرقى |
|---|---|---|
| مۈشۈك بىلەن قوي | 1. ________________<br>________________.<br>2. ________________<br>________________.<br>3. ________________<br>________________. | 1. ________________<br>________________.<br>2. ________________<br>________________.<br>3. ________________<br>________________. |

| | | |
|---|---|---|
| توخۇ بىلەن بۈركۈت | 1. ________<br>________.<br>2. ________<br>________.<br>3. ________<br>________. | 1. ________<br>________.<br>2. ________<br>________.<br>3. ________<br>________. |
| بۆرە بىلەن مۈشۈك | 1. ________<br>________.<br>2. ________<br>________.<br>3. ________<br>________. | 1. ________<br>________.<br>2. ________<br>________.<br>3. ________<br>________. |

7. ئويلىنىپ باقايلى.

(1) «جېنىم ئانا» ناملىق شېئىردىكى بالا ئانىسىغا ناھايىتى كۆيۈنىدۇ. «ئوقۇتقۇچى» ناملىق شېئىردىكى بالا ئوقۇتقۇچىسىغا ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ. ئۇنداقتا، بىز نېمە ئۈچۈن ئاتا-ئانىمىزغا ياخشىلىق قىلىشىمىز ۋە ئوقۇتقۇچى-ئۇستازلىرىمىزنى ھۆرمەتلىشىمىز كېرەك؟

(2) «پەيغەمبىرىم مۇھەممەد» ناملىق شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

بۈيۈك ئەخلاق ئىگىسى،
پەيغەمبىرىم مۇھەممەد.

يولباشچىدۇر، ئۇلگىدۇر،
ئىنسانلارغا تائەبەد.

• ئۇنداقتا، بىز نېمە ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىمىز؟
• ھازىرقى يېشىمىزدا بىز پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئەگىشىش ئۈچۈن، قانداق ئىشلارنى قىلالايمىز؟

(3) قۇرئان كەرىمدىكى ئايەتلەر ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى بىزگە توغرا ۋە خاتا ئىشلارنى بەلگىلەپ بەرگەن. ئاتا ـ ئانىمىز ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمىزمۇ بىزگە: «پالانى ئىشلارنى قىلىسىڭىز ياخشى»، «مۇنداق ئىشلارنى قىلسىڭىز بولمايدۇ» دەپ ھەرخىل نەسىھەتلەرنى قىلىدۇ. سىزنىڭچە، ئايەت ـ ھەدىسلەرگە ئەمەل قىلغاننىڭ ھەمدە ئاتا ـ ئانىمىز ۋە ئوقۇتقۇچىلىرىمىزنىڭ نەسىھەتلىرىنى ئاڭلىغاننىڭ بىزگە قانداق پايدىلىرى بار؟

(4) «ئانا ۋەتەن» ناملىق شېئىردا مۇنداق دېيىلگەن:

دادام دېدى: «بىلگىن بالام!
ۋەتەن بىزنىڭ جېنىمىزدۇر.
سېنىڭ بەختىڭ ئۈچۈن بوۋاڭ،
شۇ تۇپراقتا قان تۆككەندۇر.
بىزلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ،
پەرزەنتلىرى، جەڭچىلىرى.
ھەربىر غېرىچ تۇپراق ئۈچۈن،
جەڭگە تەييار غازىلىرى».

• سىز بۇ مىسرالارنىڭ مەنىسىنى قانداق چۈشەندىڭىز؟
• بىزلەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ پەرزەنتلىرى ۋە جەڭچىلىرى بولغانلىقىمىز ، نېمە ئىشلارنى قىلىشىمىز كېرەك؟

• بىزنىڭ ۋەتىنىمىزنى تارتىۋالغان ۋە ۋەتىنىمىزدە بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىزغا نۇرغۇن زۇلۇملارنى قىلىۋاتقان تاجاۋۇزچى خىتايلارنى نېمە ئۈچۈن ۋەتىنىمىزدىن قوغلاپ چىقىرىۋېتىشىمىز كېرەك؟

• كەلگۈسىدە سىز ئانا ۋەتىنىڭىز شەرقىي تۈركىستانغا بېرىپ قالسىڭىز، نېمە ئىشلارنى قىلىسىز؟

• «ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا، رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس» دېگەن ماقالغا ئاساسەن، ئانا ۋەتىنىمىز مۇستەقىل بولسا ۋە دۈشمىنىمىز خىتايلارنى ئۇ يەردىن قوغلاپ چىقىرىۋەتسەك، بىزنىڭ ھاياتىمىزغا قانداق پايدىلىرى بار؟ قانداق بەختلىك ھاياتتا ياشايمىز؟

(4) «تېلېفوننىڭ نالىسى» ناملىق ھېكايىدە، ئۆمەر ئۆزىنىڭ نۇرغۇن ۋاقتىنى زايە قىلغانلىقى ئۈچۈن پۇشايمان قىلغان.

• سىزنىڭچە ۋاقىتنى قانداق ئىشلارغا ئىشلەتسەك، ئۇنى قەدىرلىگەن بولىمىز؟ قانداق ئىشلارغا ئىشلەتسەك، زايە قىلغان بولىمىز؟

• ۋاقىتنى ياخشى ئىشلەتمىسەك، كېيىن قانداق پۇشايمانلارنى قىلىشىمىز مۇمكىن؟

(5) سىزنىڭچە، بۇ ھاياتتا قانداق ياشىساق، خۇشال ۋە بەختلىك ياشىغان بولىمىز؟

8. ئېيتىپ بېرىشنى خالامسىز؟

سىز بۇ كىتابتا ئۆگىنىپ ئۆتكەن 18 تېكىستنىڭ ئىچىدە ئەڭ ياخشى كۆرگەن تېكىست قايسى؟ نېمە ئۈچۈن؟

9. «ئەگەر مەن پەيغەمبىرىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام» دېگەن ماۋزۇدا بىر پارچە ماقالە يېزىپ بېقىڭلار.

# 1ـ قىسىم «تىل ـ ئەدەبىيات» كىتابىدىكى تېپىشماقلارنىڭ جاۋابى

| بەت سانى | مەشىق سانى | توغرا جاۋابى |
|---|---|---|
| 53 | 8ـ مەشىق | سائەت |
| 70 | 6ـ مەشىق (1) | ش ھەرپى |
| | 6ـ مەشىق (2) | سىزنىڭ ئىسمىڭىز |
| | 6ـ مەشىق (3) | م ھەرپى |
| | 6ـ مەشىق (4) | باتارېيەسى تۈگەپ كەتكەندە |
| 74 | 6ـ مەشىق | ئەپەندىم قولياغلىقنىڭ ئىچىگە كىچىك بىر تاشنى سېلىپ، ئاندىن قولياغلىقنى ئوراپ ئاتقان. |
| 84 | 6ـ مەشىق (1) | پاشا |
| | 6ـ مەشىق (2) | چاقماق قەنت |

| | | |
|---|---|---|
| 99 | 7 ـ مەشىق (1) | چاچ |
| | 7 ـ مەشىق (2) | تىرناق ئالغۇچ |
| | 7 ـ مەشىق (3) | چەينەك |
| 106 | 8 ـ مەشىق | رەسىمنىڭ ئىچىدىكى «رسىمدىكى» دېگەن سۆزدىكى «ە» ھەرپى چۈشۈپ قالغان. |
| 120 | 6 ـ مەشىق (1) | بەش بارماق |
| | 6 ـ مەشىق (2) | ۋاقىت |
| | 6 ـ مەشىق (3) | سۇت |
| 136 | 7 ـ مەشىق | ئەھمەدنىڭ جاۋابى پۇتۇنلەي ئوقۇتقۇچىنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن، شۇڭا 100 نومۇر قويىدۇ. |
| 176 | 9 ـ مەشىق | چۈنكى بۇ كۈندۈز ئىدى. |

